**خەتنە** ئوغۇللارنىڭ زەكەر ئۇچىنى كەسمەك.

**خاتىپ** جامەلەردە خۇتبە ئوقۇغۇچى؛ كوپچىلىك ئالدىدا سوز سوزلىگۈچى.

**خاتىر** چۈشەنچە قۇۋۋىتى؛ پىكىر؛ زېھىن.

**خاتىرىلىمەك** خاتىرىگە كەلتۈرمەك؛ ئۇنۇتماسلىق؛ قەغەزگە يېزىپ چۈشۈرمەك.

**خاھىش** مايىللىق؛ تۇتۇلغان يول؛ ئىستەك؛ ئارزۇ؛ ئېغىش؛ بىر نەرسىنىڭ راۋاجلىنىش يولى.

**خاۋەر** كۈن چىقىش؛ شەرق.

**خازىن** غەزىنىچى.

**خېمىيە** تەبىي پەننىڭ بىر ساھەسى بولۇپ، ماددىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىۋى، تۈزۈلۈشى ھەم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۈگىنىدىغان پەن.

**خېرىدار** سېتىۋالغۇچى؛ مۇشتىرى.

**خىجىل (خەجىل)** ئىزا تارتماق؛ بىئەپلىك ھېس قىلماق.

خىلاپەت سۇلتانلىق؛ پادىشالىق.
خىلۋەت كىشى كۆپ بارمايدىغان چەت-ياقا يەر.
خىلۋەتگۈزىن خىلۋەتكە چېكىنىش.
خىلقەت كىيىم - كېچەك.
خىلور تېبابەتچىلىكتە ۋە سانىتارىيىدە دېزىنفېكسىيە ئۈ-
چۈن، ھەربى ئىشلاردا ئۇرۇشتا ماددىسى سۈپىتىدە
قوللىنىلىدىغان خىمىيىلىك ئېلېمېنت؛ تۇنجۇقتۇر-
غۇچى گاز.
خىلوس ئۈچەي چاۋالپىغا كىلىنىدىكى سۈيۈقلۇقنىڭ
ئاشقازان ئاستى بېزى، ئۆت، ئۈچەي سۈيۈقلۇقلىرى
بىلەن قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، كىسلاتا-
لىقىنى يوقاتقان سۈتسىمان سۈيۈق جىسىم.

خىنىن بەزگەك كېسىلىگە شىپا بولىدىغان قېرىق دورا.
خىنزىر چوشقا؛ توڭگۇز.
خىرام چىرايلىق يۈرۈش.
خىرامان بىپەرۋا؛ بىر ئىشقا ئېتىبار بەرمەي قارىسا-
لىق؛ غەم يېمەسلىك؛ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە
تاشلاپ چىرايلىق يۈرىدىغان.
خىرە غۇۋا؛ تۇتۇق؛ روشەن بولمىغان.
خىرەد پاراسەت؛ ئەقىل.
خىرىستوماتىيە تاللانغان ئەسەرلەر ياكى شۇلاردىن ئېلىنغان
پارچىلار توپلىمىدىن ئىبارەت بولغان ئوقۇش
كىتابى؛ قوللانما.



خىرقە يېرتىق، ياماق كىيىم - كېچەك؛ جەندە؛ قۇراق
جۇگا.
خىشى ئەقرۇبالىرى ئۆز ئادەملىرى؛ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى.
خىشۇ-تاپار ئۇرۇق - تۇغقان.
خوجا مۇئەللىم؛ ئەپەندى؛ پەيغەمبەر ئەۋلادىغا
مۇناسىۋەتلىك شەخس.
خولىرا ۋابا.
خوپ ياخشى؛ چىرايلىق؛ لايىق.
خورسىناق كېمىيىپ كەتمەك؛ بەرىكەت قىلماسلىق
خوشە باش؛ باشاق؛ بىر ساپ (ئۈزۈم).
خوردەك ئوزۇق.
خۇي ئادەت.
خۇبلەر ياخشىلەر.
خۇبان چىرايلىق.
خۇد ئۆزى؛ پەقەت؛ ئالغۇز.
خۇدۇك گۇمان.
خۇدكام ئۆز مەقسىتىنى كۆزلىگۈچى.
خۇدۇكسىمان ئۆز - ئۆزىدىن گۇمانلانماق.
خۇدبىن ئۆز مەنپەئەتىنىلا سوزلەيدىغان كىشى
خۇن قان.
خۇناب قان؛ زەرداپ.
خۇنابە قان سۈيى.
خۇن رىز (رىز — توككۇچى) قان توككۇچى.
خۇن ئالودە قانغا بويالغان.

خەددت  تومۇر.

خەددى گۇلگۇن  گۇل ئۈز، يۈزى گۇلرەڭ.

خەلىپە  پادىشادىن ئۇلۇغراق ئۇنۋان.

خەلپۇگۇچ  كىتاپنىڭ ئوقۇپ كەلگەن بېتىنى ئۇنۇتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان قەغەز ياكى لېنتا.

خەلپەت  دىنىي مەكتەپلەردە سىنىپ باشلىقى ياكى ئۇگىنىش باشلىقى.

خەلق  ياردەملغۇچى.

خەندە  كۇلمەك؛ كۇلۇش.

خەندان  كۇلگۇچى؛ كۇلىدىغان؛ كۇلگەن.

خەنناس  شەيتان.

خەفنى  يەڭگىل.

خەپى  يوشۇرۇن؛ مەخپى.

خەر  ئېشەك.

خەس  ئوت-چوپ؛ پاخال؛ ئەخلەت.

خەسىس  بېخىل؛ پەخسىق؛ پىششىق.

خەستە  كېسەللىك؛ بىچارە؛ خار؛ سۇنۇق؛ تۆۋەن.

خەستەخانا  شىپاخانا؛ دوختۇرخانا.

خەت  بۇرۇت (يېڭى چىققان بۇرۇت)، يېزىق.

خەتتات  ھۆسنىخەت يازغۇچى.

خەتەر  ئولۇمگە يېقىنلاشماق.

خەيرولبەشەر  ئادەملەردىن ياخشىسى.

خەيلى ھەشەم  شاۋكەتلىك قوشۇن.



خۇنۇك  نۇرسىز؛ جۇلاسىز

خۇنخارە  قان توككۇچى.

خۇنبار  قانلىق ياش.

خۇپسەن  بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالماق ۋە شۇنداق كىشى.

خۇپىيانە  يوشۇرۇن؛ مەخپى.

خۇررام  خوشاللىق؛ شاتلىق.

خۇردەدان  ئىنچىكە پەملىك؛ زېرەك.

خۇرۇچ  خام ئەشيا؛ ماتېرىيال.

خۇرۇش  غەۋغا؛ ۋاڭ - چۇڭ.

خۇرشىد  كۈن؛ قۇياش.

خۇرشىد خاۋەر  شەرق قۇياشى.

خۇسۇمەت  دۇشمەنلىك؛ بوھتان؛ ئاداۋەت؛ جېدەل.

خۇتبە  جۈمە نامىزىدا مۇنبەردە قىلىنىدىغان دۇئا ۋە تەشۋىقات.

خۇش ئاۋا  خۇش ئاۋاز؛ ياخشى كۈيلىگۇچى.

خوكبان  چوشقا باقار.

خۇم (خۇمرا)  قاچا؛ لايدىن ياسالغان كورا.

خۇشنود  خوشاللىق؛ شاتلىق؛ رازىلىق.

خۇشتار  ئامراقلىق؛ بېرىلمەكلىك.

خۇشىك  قۇرۇق.

خوي  تەر.

خەممار  مەي؛ مەي ساتقۇچى؛ ئىچكۈلۈك قىلغۇچى.

خەراش  تاتلاش.

خەزرا يېشىل.

خەۋاتىر تەشۋىش؛ قورقۇش.

خەيىر ياخشى ئىش؛ ياخشىلىق.

خەيرىيەت ياخشى؛ ساۋابلىق ئىشلار؛ بەختكە يارىشا.

خەيرىخاھ ياخشىلىق تىلىگۈچى؛ ياخشى تىلەكلىك.

خەيرلىك پايدىسى تېگىدىغان؛ ياخشىلىقى بولغان.

خەزىنە پۇل ۋە قىممەتباھالىق نەرسىلەر قويۇلىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان مەخسۇس ئورۇن؛ دۆلەت مالىيىسى.

خەزىنىدار خەزىنە باشلىقى.

## ھ

ھاكىم ھۆكۈم سۈرگۈچى؛ ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى؛ تەۋپلارمۇ ھۆكۈم قىلالايدىغانلىقتىن ھاكىم دېيىلىدۇ.

ھالاۋەت شېرىنلىك ۋە تاتلىقلىق؛ زوق ۋە لەززەتلىك.

ھامال يۈك قاچىلاپ، يۈك چۈشۈرگۈچى ئىشچى، يۈك توشۇغۇچى.

ھاممام يۇيۇنۇش ئۆيى (مونچىنىڭ بىر خىلى).

ھامى [illegible] ئاستىغا ئالماق؛ ھىمايە قىلماق.

ھامىت شۈكۈر قىلغۇچى.

ھامۇن چۆللۈك؛ كەڭ ۋە تۈز دالا.

ھاپىز يادقا ئوقۇغۇچى؛ ياد ساقلىغان كىشى.



ھاسىل كالام سۆزنىڭ قىسقىسى.

ھاتتا كونا جەمئىيەتتە بازارمۇ ـ بازار يۈرۈپ سودا قىلغۇچى.

ھاتەم سېخىيلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر شەخس.

ھاتەپ غايىپ.

ھاۋا يەر يۈزىنى ئوراپ تۇرغان ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رەڭسىز، پۇراقسىز گاز.

ھاۋالە بىر ئىشنى باشقا بىراۋنىڭ ۋاكالىتەن باش تۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن تاپشۇرماق.

ھاشار ئادەم ئالۋاڭ ـ سېلىقى.

ھاشىيە بىر نەرسىنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلغان جىيەك.

ھايا ئىزا؛ نومۇس.

ھايان پايدا؛ نەپ؛ مەنپەئەت.

ھازا مۇسىبەت؛ ماتەم؛ قارىلىق.

ھازىر جاۋاپ تېز ۋە ئۆز جايىدا جاۋاپ بېرىش.

ھاڭگام بەربىر.

ھېكىم دانىشمەن؛ پەيلاسوپ؛ تېۋىپ؛ دوختۇر.

ھېلىم خۇيى مۇلايىم؛ يۇمشاق خۇيلۇق؛ يۇۋاش.

ھېسسىيات تۇيغۇ تەسىرى؛ روھىي تەسىرلىنىش؛ سەزگۈ.

ھېقىق قىممەتلىك قىزىل تاش.

ھىد پۇراق؛ بۇي.

ھىدايەت توغرا يول كۆرسەتمەك؛ توغرا يول تاپماق.

ھىكايە ئوخشاتماق؛ ۋەقەنى ئوخشىتىپ سۆزلەش.

هىجىر ئايرىلىش.

هىجران جۇدالىق؛ ئايرىلغان.

هىجرەت (ھەجرەت) بىر يەردىن باشقا يەرگە كوچۇش؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشى.

هىجرىيە مۇسۇلمانلارنىڭ يىل ھېساۋى.

هىكمەت بىلىمدانلىق؛ موجىزە؛ دانىشمەنلىك؛ تەدبىر؛ سەۋەپ.

هىلال يېڭى چىققان ئاي؛ گۆزەللىنىڭ ئايدەك ئىگىلگەن قېشى.

هىللا قۇۋ.

هىمات يولەنچۇك؛ پانا بولماق؛ ھامى بولماق.

هىممەت ساخاۋەت؛ ياخشىلىق.

هىرىس خۇمار؛ ئامراق؛ بېرىلمەك؛ مەسلىگى كەلمەك.

هىرىز قەلئە؛ قورغان؛ پاناھ جاي.

هىرمان مەھرۇملۇق.

هىسار ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ئىگىز قەلئە؛ قورغان.

هىڭگان توگىنىڭ چىشىسى.

هورمولوگلار خىمىيىلىك ئاساسىي خاراكتېرى ئوخشاش، ئەمما ئاتوم گۇرۇپپىلىرى پەرقلىنىدىغان ماددىلار.

هۇما ئەپسانىۋى رىۋايەتتىكى بىر قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسە شۇ كىشى بەختلىك بولارمىش.



هوباب سۇ ئۈستىدىكى كوپۈكچە.

هۇۋەيدا ئاشكارە؛ ئېنىق؛ روشەن؛ ئايان.

هوت شەمسىيە 12 ــ ئاي، قەمەرىيە 2 ــ ئاي؛ مىلادىيە يىل ھېساۋى بويىچە 2 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى.

هوججان ئەرەبىستاندىكى بىر ۋىلايەت.

هۇمرەت قىزىللىق.

هۇردىيەت ئازاتلىق؛ ئەركىنلىك؛ مۇستەقىللىق.

هەب يۇمىلاق؛ ئۇرۇق؛ جۇڭگىدا تەييارلانغان كۇمىلاچ دورا

هەبىب دوست ـ ياران؛ بۇرادەر.

هەبىبە دوست (ئاياللارغا قارىتىلىدۇ).

هەبىس سولىماق؛ قامىماق.

هەبىسخانا قاماقخانا؛ تۈرمە.

هەبەش نېگىر؛ قارا تەنلىكلەر.

هەد چەك ـ چېگرا؛ پايان.

هەدىيە سوغا؛ توھپە؛ تەقدىم.

هەدىقە باغ.

هەدىس سوز (پەيغەمبەرنىڭ سوزى).

هەمىد ماختالغان؛ ماختاش.

هەيلى ئەقدى قانۇن؛ توختاملار.

هەييو بالا قايغۇلۇق؛ ئاپەت.

هەزىل چاخچاق.

هەزىلكەش چاخچاقچى.

هەۋاش ئەتراپ.

ھەمراھ بىللە يۈرگۈچى؛ يولداش(راھ ـــ يول مەنىسىدە)۔
ھەزىن قايغۇلۇق؛ مۇڭلۇق؛ غەملىك؛ خاپا
ھەزار مىڭ
ھەرىپ قارشى؛ دۈشمەن.
ھەرىپ شېرىك؛ ئۈلپەت.
ھەرراس دېخان.
ھەزەرقەتىرە (ھازەرقەترە) مىڭ ھەسسە كۆپ.
ھەڭگام ۋاقىت؛ زامان.
ھەنگام گەپ ـ سۆز.
ھەنگامە ۋەقە.
ھەننات(ھانتوت) ئېلىپ ساتار؛ جاللاپ؛ مايانكەش
ھەنۇز(ھونۇز) ھازىرغىچە؛ ھېلىمۇ.
ھەجۋى مەسخىرە؛ زاڭلىق قىلىش.
ھەجىر ئايرىلىش؛ جۇدالىق.
ھەجەر تاش.
ھەلقۇم كېكىرتەك؛ بوغۇز؛ تاماق.
ھەمدەم يار ـ يۆلەك؛ ھەمنەپەس.
ھەمخانە بىر ئۆيدىكىلەر؛ بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلار.
ھەمشىرە دوختۇرخانىلاردا كېسەللەرنى كۆتكۈچى قىز ـ
ئايال؛ سىڭىل.
ھەمزەك تېگى كۆك، گۈللۈك ماتا.
ھەميان يانچۇق؛ خورجۇن؛ خالتا؛ سومكا؛ پورتمال.



ھەمەك چوڭ ھەم نېپىز قىلىپ يېقىلغان تونۇر
نېنى.
ھەمسال مۇڭداشقاق؛ سىرداش؛ كويۇمچان.
ھەمەل شەمسىيە 1 ـ ئاي؛ قەمەرىيە 3 ـ ئاي.
مىلادىيە يىل ھېساۋىدا 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.
ھەپتە يەتتە.
ھەردەم مۇقەددەس جاي.
ھەرەم مەككە شەھرىنى كورسىتىدۇ.
ھەرەم ئوي؛ ئىچكەركى ھويلا؛ ئوردا
ھەرەم ئوي؛ ئىچكەركى ھويلا؛ ئوردا.
ھەرەم ئاغىسى ئوردىدا ھەرەم ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم.
ھەرەمباغ ئوردا بېغى.
ھەرەج(ئەرەج) جاپا؛ دەرت ـ ئەلەم.
ھەسرەت قايغۇ؛ ئېچىنىش؛ قولغا كەلمىگەنلىكى ياكى
كەلگەن بولسىمۇ يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن
ئىچ ئاغرىتماق.
ھەسەد كورەلمەسلىك؛ ئىچى يامان (تار)؛ رەشىك.
ھەشەمەت داغدۇغا؛ كاتتا؛ بۈيۈك ئىمتىۋار؛ ھورمەت.
ھەشۋۇ بىھۇدە؛ مەنىسىز.
ھەيدەر ئارىسلان؛ باتۇر.
ھەيراۋ قىشتا ئىسسىق ياقلارغا كېتىپ يازدا كېلىدىـ
غان، تام تۆشۈكلىرىنى ئۇۋىلىغان ماكان قىلىـ
دىغان، بولۇپمۇ ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى يامغۇر
يېغىشتىن ئىلگىرى ئۇگىلىرىدىن چىقىپ ئۇـ
چۇشقا باشلايدىغان بىر تۈرلۈك قالغاچ؛ بەندە
شەھەر قالغىچى دېيىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| هەيرەت | هەيرانلىق؛ نېمە قىلاردىنى بىلمەسلىك. |
| هەييار | مۇغەممەر؛ قىزىقچى. |
| هەزرەت | جاناب؛ ھۆرمەتلىك. |
| هەزەر ئەيلىمەك | ساقلانماق؛ ئېھتىيات قىلماق. |
| هەقەمساي | خوشنا. |
| هەقىر | پەس كۆرۈلمەك؛ ئېتىۋار ۋە ھۆرمەتتىن مەھرۇم؛ كەمسىتىلگەن. |
| هوكۇما | هاكىملار؛ دانىشمەنلەر؛ ئالدىن - ئالا هوكۇم قىلغۇچى. |
| هوكۇمران (هۆكۈمدار) | هوكۇم ۋە سەلتەنەت يۈرگۈزگۈچى؛ دۆلەت ئىگىسى. |
| هوسىن | جامال؛ چىراي؛ گۈزەللىك. |
| هوزۇر | راھەت؛ قەلبى ياپراش. |
| هوزۇر | ئالدى؛ دەرگاھى؛ پېشگاھ. |
| هۆججەيرە | ئورگانىزمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى قىسمى؛ كىلىتكا. |
| هۆنەر | سەنئەت؛ ئۇستىلىق. |

## د

| | |
|---|---|
| دادەن | ھەجمى ئولچەم بىرلىكى بولۇپ، 10 كىرورە بىر دادەنگە تەڭ. |
| داخىل | قاتناشماق؛ ئىشتىراك قىلماق؛ ئىچىدە بولماق. |
| داچىماق | يانداپ ئۆتۈپ كەتمەك؛ بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتمەك؛ ئارقىغا چېكىنمەك. |



| | |
|---|---|
| دالالەت | ئۈندىمەك؛ يېتەكلىمەك؛ چاقىرىش. |
| دام | ئالدام؛ قىلتاق؛ تۇزاق |
| دانىكا | تومۇرنى كەپشەلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاق، كىرىستال ماددا. |
| دانا | ئەقىللىق؛ بىلگۈچى؛ ئالىم؛ پازىل. |
| دانىش | ئىلىم؛ بىلىم؛ مەلۇمات. |
| دانىشمەن | بىلگۈچى؛ ئەقىللىق؛ دانا. |
| داپخۇن | تونۇرنىڭ كۈلىنى ئالىدىغان ۋە تونۇرغا شامال ئۇرۇدىغان ئورۇن. |
| داپرۇس | سوراق. |
| دارۋىنىزىم | جانلىق تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى—ئۆسۈملۈك ۋە هايۋان تۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم تەبىي تاللىنىش يولى بىلەن راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى تەلىمات. بۇ تەلىماتنى تۇنجى قېتىم (1859- يىلى) ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئۇلۇغ ئېنگلىز ئالىمى چارلىز داروين بولغاچقا، بۇ پەن—دارۋىنىزىم دەپ ئاتالغان. |
| دارائى | يىپەكتىن توقۇلغان، تېگى ئاق، ئىلان باغرى كەڭ سىزىقچا چۈشۈرۈلگەن يەكتەك كىيىلىدىغان رەخت. |
| دارازا | ئىگىز بويلۇق؛ ئىگىز. |
| دارىلباقا | ئەبەدى دۇنيا؛ ئاخىرەت. |
| دارىلقازا | تەقدىرنىڭ تۇرۇشلۇق جايى. |
| دارىلقارار | ئارام تاپىدىغان جاي. |
| دارىلپۇنۇن | ئىلىم - پەن ئورنى؛ ئالى مەكتەپ. |

دارىلپەنا بۇ دۇنيا.
دارىلئۇلۇم ئالىي دەرىجىلىك ئىلىم - پەن ئورنى؛ ئالىي مەكتەپ.
دارىلئاجىزىن ئاقساق - چولاق ۋە باققۇچىسى يوق ئاجىزلارنى دۆلەت ھېساۋىغا باقىدىغان خەيرىيەت ئورنى.
دارىلئەيتام (دارىلئىتام) ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ھېساۋىغا تەربىيىلەيدىغان ئورۇن ياكى مەكتەپ.
دارىغۇ شەھەر باشلىقى.
داۋا كىچىك بالىلاردا سېرىق ئەتىنىڭ يېرىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان، ئۈچەيىنىڭ بورەك خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىش كېسەللىكى.
داش ئاممىۋى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ قازان.
داغال كەپشەلەش ئەسۋابى.
داغاللىماق كەپشەرلىمەك؛ كەپشەرلەش.
داھى بەك ئەقىللىق، توغرا پىكىرلىك، پەۋقۇلئاددە ئەقىل ئىگىسى.
دامبا توغان.
داچا دەم ئېلىش ئورنى.
داڭق ئاتاق؛ ئىناۋەت؛ شۆھرەت.
داڭقان ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.



داڭگىز كىرلىشىش؛ قاسماقلىشىش.
داكانە ياغلىق.
داتلىماق قاقشىماق؛ زارلانماق؛ شىكايەت قىلماق.
داي قىش.
داقيانۇس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شاھى (ئۇنىڭ پايتەختى تۇرپاندا بولۇپ، ھازىرمۇ خارابىلىرى بار).
دۋىگاتېل ھەركەتلەندۈرگۈچى مىخانىزىم.
دېۋرقاي قاردىغاي يېلىمى.
دىۋان باش ئىدارە؛ مەھكىمە.
دىۋان بېگى كونا جەمئىيەتتە يۇرت - يۇرت يۇرۇپ ئۆشرە يىغقۇچى.
دىۋانىۋەش (دىۋانەۋەش) دىۋانىغا ئوخشاش.
دىۋان كىتاب؛ كونا زاماندا شېئىرلار توپلىمى «دىۋان» دېيىلەتتى.
دىۋان ئولتۇرىدىغان ياكى ياتىدىغان يۇمشاق ئورۇندۇق.
دىشۋار (دۇشۋار) جاپا - مۇشەققەت؛ قىيىن؛ نەسلىك؛ ئەنسىزچىلىك؛ ئەزىيەت؛ توسقۇنلۇق؛ كېلىشمەسلىك.
دىيانەت دىندارلىق؛ ئۆزىنى دىنىي ئەدەپ بىلەن تۇتماق.
دىيار يۇرت؛ ئەل؛ ماكان؛ ۋەتەن.
دىزېل نېفىت بىلەن ئىشلەيدىغان دۋىگاتېل

دېزىنتېرىيە — ئىچىدىن قان ئۆتۈش كېسەلى؛ قانلىق ئىچ سۈرۈش.

دېزىنفېكسىيە — تۆرلۈك يول ۋە ۋاستىلەر بىلەن يۇقۇملۇق كېسەل تارقاتقۇچى مىكروپلارنى يوقىتىش ۋە زەرەرسىزلەندۈرۈش.

دېكىز مىلى — بىر دېكىز مىلى 1852 مېتىرغا تەڭ.

دېموكرات — دېموكراتىيە تەرەپدارى؛ خەلقپەرۋەر؛ خەلقنىڭ سىياسى ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى.

دېموكراتىزىم — ھاكىمىيەت خەلق قولىدا بولغان سىياسى تۈزۈم؛ خەلق ھاكىمىيىتى.

دېموكراتىك — دېموكراتىيىگە ئاساسلانغان، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى؛ خەلققە خاس؛ ئاممىباپ.

دىافراگما — كوكرەك قەپىزىنى قوساق بوشلۇغىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە گوش.

دىالوگ — ئىككى ياكى بىرنەچچە شەخسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش.

دىامېتىر — چەمبەر مەركىزىدىن ئۆتۈپ، چەمبەرنى ئىككى تەڭ قىسىمغا بۆلىدىغان كېسىك سىزىق.

دىالېكتىكا — تەبىئەت، كىشىلىك جەمىيىتى ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن.

دىالېكت — ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ بىر تارمىغى؛ ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ تەركىۋىدە ئاساسىي لوغەت فوندىغا ۋە ئۆز گىراماتىك قۇرۇلۇشىغا ئىگە بولغان ھەم



خەلق ئاممىسىغا خىزمەت قىلىدىغان يەرلىك، مەھەللىۋى تىل.

دىداكتىكا — ئەخلاقىي، تەربىيىۋى، پەندىن نەسىھەت نەزىر دېگەنسى

دىاگنوز — ئاغرىق ئېنىقلاش.

دىباچە (دىبوچا) — كىرىش سۆز؛ مۇقەددىمە.

دىدار — يۈز؛ چېھرە؛ چىراي.

دىدەك — چاكار قىز؛ ئۆي خىزمەتچىسى.

دىدەخۇن — كۆزى قان.

دىكتاتۇر — چەكلەنمىگەن، ھوقۇقلاردىن پايدىلانغۇچى ھۆكۈمدار؛ بىرەر ساھەدە خالىغىنىچە ھاكىملىق، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى.

دىكتاتۇرا — ھۆكۈمرانلىق.

دىكتور — رادىيودا ئاڭلىتىدىغان ماقالا - خەۋەر ۋە باشقىلارنى مىكرافون ئالدىدا ئوقۇپ بەرگۈچى

دىلئاگاھ — قەلب (دىل) سەزگۈرلۈگى.

دىلپىكار — دىلغالايىق؛ پىكىرگە تەسىر قىلارلىق.

دىلاۋەر — باتۇر؛ پالۋان.

دىلئارا — كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى؛ گۈزەل؛ دىلبەر.

دىلبەر — كۆڭۈل بەرگۈچى؛ مەشۇقە؛ دىل بەرگۈچى

دىلدار — مەشۇقە؛ كۆڭۈلنى تۇتقۇچى؛ خۇرسەن قىلغۇچى.

دىلكەش — سىرداش؛ دەردىگە چۈشەنگۈچى؛ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلغۇچى.

دىلستان — كۆڭۈلنى ئالغۇچى؛ مەپتۇن قىلغۇچى.

دىلرابا — كۆڭۈلنى تارتقۇچى، (رابا — تارتقۇچى).

دېبەت تەگتۈش؛ بېشى تەك.

دېۋە جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئەركىگى.

دراماتورگىيە دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ تۈزۈلۈش پەرىنسىپ-لىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى نەزەرىيە.

دراماتورگ پىيەسا (سەھنە ئەسەرلىرى) يازغۇچى.

دىراپ مووۇت تۈرىدىكى كىيىلىدىغان يۇڭ رەخت.

دىرېكتور مۇدىر؛ باشلىق؛ جەمئىيلى.

دىرىژور ئوركېستىر ياكى خور باشقۇرغۇچى

دېكلاماتسىيە ئۈنلۈك ئوقۇلغان شېئىر ياكى تېكىست.

دېكوراتسىيە ئويۇندىكى ياسالما كۆرۈنۈشلەر، جاھازلار.

دېرىژابىل ئىچىگە تولدۇرۇلغان گاز كۈچى بىلەن كۆتۈ-رىلىپ، ماتۇر كۈچى بىلەن يۈرۈدىغان، ھاۋا-دا يەڭگىل ئۇچىدىغان ئاپارات؛ ھاۋا شارى.

دېسكا يېنىك ئاتلېتىكا ھەركەتلىرىدە قول بىلەن يىراققا ئېتىلىدىغان ياپىلاق تۆمۈر ياكى ياغاچ تەخسە.

دېسسېرتاتسىيە ئىلمىي دەرىجە ئېلىش ئۈچۈن يېزىلغان ۋە ئاپتورى تەرىپىدىن ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ئىلمىي يىغىنىدا ئوقۇلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى.

دوبۇلغا قەدىمقى زامان ئۇرۇشلىرىدا باشقا كىيىلىدىغان تۆمۈر قالپاق.

دوخاپ (دوخۇپكا) پىلتىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان، تاپانچا قاتارلىق-لار پىشىرىلىدىغان تاۋا ياكى تۆمۈر ساندۇق.

دوگما دەلىلسىز قائىدە؛ كونكرېت شارائىتلار بىلەن



ھېسابلاشماي، قارىغۇلارچە ئىشىنىپ قوبۇل قىلىنىپ-رىدىغان قائىدە — قانۇن؛ — دەلىل - ئىسپاتسىز مۇھاكىمە؛ كونكرېت تارىخىي شارائىتتىن ئاي-رىلغان، قارىغۇلارچە قوللىنىلىدىغان ئۆلۈك فورمىلا

دوگماتىزىم دوگمىغا ئاساسلانغان تەپەككۇر؛ دوگما مەس-لىكى؛ دوگمىغا تەرەپدارلىق.

دوگۋار كېلىشىم؛ شەرتنامە.

دوكلات مەلۇمات؛ خەۋەر.

دوكتۇر ئالىي ئىلمىي ئۇنۋان.

دوكومېنت ھۆججەت؛ ئاساس.

دومكىرات (داكمىرات) يۈكنى، نەرسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش مېخانىزىمى.

دونكىخوت سېرۋانتېس يازغان «دونكىخوت» ناملىق رو-ماننىڭ ئاساسىي قەھرىمانى؛ ئۇ رىيال تۇرمۇشتىن ئاجرالغان، خىيالى كىتابلارنى ئوقۇپ مېڭىسى زەھەرلەنگەن ئادەم؛ ئەمەلگە ئاشمايدىغان، تۇرمۇشتىن يىراق ئىدىيەلەر ۋە ئارزۇلارنى ئويلاپ چىقىپ، ئۆزىچە قىياس قىلىغان توسقۇن-لۇقلار بىلەن ئېلىشىپ، ئورۇنسىز قەھرىمانلىق كۆرسەتكۈچى بەغەرەز، كۆلكىلىك شەخس؛ ھازىر بۇ نام ھەركىتى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغۇچى شەخ-سلەرگە تەخلىت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

دوختەر قىز بالا.

دوئا تەلەپ قىلىش؛ چاقىرماق.

دۇنيا ۋومايپيا دۇنيا ۋە بارلىق نەرسىلەر

دۇجاھان ئىككى دۇنيا.

دۇر يىراق، ئۇزاق.

دۇن پەس؛ پاكار؛ تۆۋەن.

دۇنىيا دۇنيا.

دۇرج ئىچىگە گوھەر، ياقۇت سېلىپ قويىدىغان قاچا؛ قىممەتباھا نەرسىلەر.

دۇرباش ئۈنچە چاچقۇچى.

دۇررى غەلتان يۇملاق؛ قىممەتباھالىق ئۈنچە-مارجان.

دۇردان ئۈنچە، گوھەر، مەرۋايىتلار سېلىنىدىغان قۇتا.

دۇر دانە ئۈنچە دانىسى؛ بىرتال مەرۋايىت.

دۇلدۇل مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىدىن ھەزرىتى ئەلىگە تەقدىم قىلىنغان خېچىرنىڭ نامى.

دۇمبەجىگەر پىشۇرۇلغان جىگەر، قۇيرۇق مايىنى يالپاغداپ توغراپ، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يەيدىغان تائام.

دۇپى موزدۇزلارنىڭ ئاياق كىيىمنى كىيدۇرۇپ قويۇپ مىخ مىخلايدىغان تومۇر ئەسۋابى.

دۇچار گىرىپتار؛ مۇپتىلا؛ يولۇقۇش.

دۇرنامە دۇرىبۇن.

دۇرۇت دۇئا؛ تەلەپ

دۇد (دۇت) گازلىق ئىس.

دۇش يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇنى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە چاچرىتىپ چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ئەسۋاپ.



دەبدەبە داغدۇغا؛ ھەشەمەت.

دەف دەپ.

دەخىل ئارىلاشماق؛ توسالغۇ بولماق؛ تەسىر قىلماق.

دەخىل تەرۇز توسقۇن بولماق؛ ئارىلاشماق.

دەججال „قىيامەت كۈنى» پەيدا بولىدىغان بەدبەشىرە شەخس.

دەللال بىر نەرسىنىڭ سېتىلىشى ئۈچۈن ئادەم كۆپ يەرلەردە يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ھەر كىمگە ئۇقتۇرغۇچى؛ ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى؛ ۋاستىچى شەخس.

دەللە ۋاستە بولغۇچى.

دەلتە ئەقلى جايىدا بولمىغان؛ ئەقىل-ھوشى كەملىك.

دەلۋە شەمسىيە 11-ئاي؛ قەمەرىيە 2 - ئاي؛ ئەرەپ ئاسترونومىيىلىك كالىندارىدا 1-ئاينىڭ نامى.

دەم ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويىدىغان كالتەك.

دەمدەر دەم تۇتۇپ، خۇش ئاۋازدا سايرىغۇچى كەپتەر.

دەمساز ھەمسۆھبەت؛ بىللە بولۇش.

دەمسوز سۆھبەتداش.

دەن ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، بىردەن 100 جىڭغا تەڭ.

دەندانە چىش دانىلىرى؛ سوكەك.

دەپتەردار بىر دۆلەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى ئالى مەمۇر، ئەمەلدار.

دەپ شەيئەللا خۇدا يولىدا تەلەپ قىلىپ.
دەپەن توپا ئىچىگە (گۆرگە) كىرگۈزمەك؛ كۆممەك.
دەپنى يوق قىلىش؛ قايتۇرۇۋېتىش؛ ئىتتىرىپ چىقىرۇۋېتىش.
دەر ئىشىك؛ دەرۋازا.
دەربەدەر ئىشىكمۇ-ئىشىك؛ كىشىلەر ئىشىگىدە.
دەرگاھ ئىشىك؛ بوسۇغا؛ (گاھ — مەيدان، ساراي، قەسىر) هوزۇرى؛ ئالدى.
دەرگۇمان شۈبھىلەنمەك؛ گۇماندا بولماق.
دەرەج (دەرەش) جۇۋالدۇرۇزنىڭ چوڭى.
دەرىجات دەرىجە؛ مەرتىۋە.
دەرھەم (دەرەم) پۇل؛ ئاقچا.
دەركار كېرەك؛ زورۇر؛ لازىم؛ مۇھىم.
دەرقەمتە بولماق يۈزمۇ-يۈز بولماق.
دەرمەھەل ئۆز ۋاقتىدا؛ تۇرغان يېرىدە.
دەرۋىش دىن يولىدا بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىدىن كېچىپ، ئىبادەتتە ئولتۇرغۇچى؛ يۇرت كېزىپ يۈرگۈچى
دەرىخ ئەسسىت؛ ئەپسۇس.
دەرە (دەررە) كونا جەمىيەتتە ئادەم ئۇرۇدىغان جازا قورالى.
دەست ول.
دەستىگاھ ئىش ئۈستەلى؛ سانائەتتە رەخت توقۇش ئەسۋابى.
دەست داراز قولى ئۇزۇن (باي)؛ ھەممىگە قولى يېتىدىغان.
دەستار سەللە؛ ياغلىق.
دەستمال قول سۈرتكۈچ؛ ياغلىق. (مال — ئېتىقۇچ)



دەستۇر ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان قوللانما، كىتاپ،
دەستە تۇتام؛ ساپ.
دەستە-دەستە تەدرىجى؛ پەيدىن-پەي.
دەۋىر ئايلانماق؛ يۆگىلەش؛ تەكرارلىنىش.
دەۋران زامان.
دەۋەك (دىۋەك) دوت؛ كالۋا؛ ئەقلى-ھوشى كەم؛ كالامپاي.
دەشنام روھىي زەربە؛ ئازار.
دەشت سەھرا؛ چۆل؛ جەزىرە؛ باياۋان.
دەھىر زامان؛ ئالەم؛ دۇنيا.
دەھلىز ئالدىنقى ئۆي؛ دالان ئۆي.
دەھرى دىنسىزلىق؛ دىنغا ئىشەنمىگۈچى؛ دىنىي ئېتىقاتنى زامانغا لايىقلاشتۇرغۇچى.
دەھرىلىك ئىلمىي دەلىللەرگە ئاساسلانغان خۇداسىزلىق.
دەھزەن قاراقچى.
دەھشەت قورقۇنچ؛ ئۈركۈش.
دەير بۇتخانا؛ خىرىستىيان، كاتولىك، يەھۇدى ئىبادەتخانىسى؛ مەيخانا.
دۆلەت بەخت - سائادەت؛ تەلەي؛ مال-مۈلۈك؛ مەملىكەت.
دۆلەتلىك سائادەتلىك؛ مال-دۇنيالىق.
دوش دوگىلەك؛ تومپىلىك.

## ر

رابىنە  ئالاقە؛مۇناسىۋەت.

رادار  ئايروپىلان، پاراخوت قاتارلىقلارنى يىراقتىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاپارات.

رادىوئاكتىپ  ئۆز - ئۆزىدىن نۇر چېچىش بىلەن پارچىلىنىدىغان،رادىوئاكتىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئېلېمېنتلار.

رادىو ئاكتىۋلىق  بەزىبىر خىمىيەۋى ئېلېمېنتلاردا ئاتوم يادرولىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ياكى سۈنئىي يول بىلەن پارچىلىنىشى ۋە ئەينى ۋاقىتتا نۇر چېچىشى.

رادىوگىرامما  رادىو ئارقىلىق بېرىلىدىغان تېلېگرامما.

رادىو ئاپارات  رادىو ئارقىلىق خەۋەرلىشىش ئاپاراتى.

رادىي  رادىو ئاكتىۋلىق ئېلېمېنت؛ ئىسسىقلىق ۋە نۇر چاچىدىغان مېتال.

رادىاتور  ئۆينى ئىسسىق سۇ ياكى هور بىلەن ئىسسىتىدىغان ئەسۋاپ؛ ماتوردىكى سۇنى سوۋۇتىدىغان ئەسۋاپ.

رادىست  رادىو ئاپاراتىنى باشقۇرغۇچى؛ رادىو ئارقىلىق خەۋەرلەر ئاڭلاتقۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى خادىم.

راك  (1) قىسقۇچ پاقا؛ (2) خەتەرلىك كېسەللىكلەر -



نىڭ بىرى.

رازۋېتكا  چارلاش؛ مەخپىي كۆزىتىش.

رامقىلىنىۋالماق  ئۆزىگە قارىتىۋالماق.

راستكوي  يالغان سۆزلىمەيدىغان؛ سۆزلىگەن سۆزى راس...

راۋا  لايىق؛ مۇناسىپ.

راۋى  هېكايە قىلغۇچى؛ سۆزلىگۈچى؛ بايان قىلغۇچى.

راۋان  ئاقماق؛ يۈرۈشۈش؛ يۈرمەك؛ كەتمەك؛ هېچ توسالغۇسىز.

راۋېندەت  دورا ئىسمى.

راشىت (رەشىد، رىشىت)  ئەقىل ئىگىسى؛توغرا يولغا ماڭغۇچى؛ ياخشى يولغا باشلىغۇچى.

رايىش  يۇگاش؛ گەپ ئاڭلايدىغان؛ سۆزگە كونۇك.

رازاق  پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ماددى تەمىناتىنى (رىزقىنى) بەرگۈچى (خۇدا).

راز  ئىچكى سىر.

رازدار  سىر ساقلايدىغان.

راه  يول.

راهىب(راهىپ)  خىرىستىيان ۋە بۇددا دىنىدىكى تەقۋادار؛مۇناخ؛شەيخ.

راهراۋ  يول يۈرگۈچى؛ يولۇچى.

راهىبە  خىرىستىيان دىنىدىكى ئايال مۇناخ.

رائىھ  هىد؛ پۇراق.

راغ  باغ.

رادىف  مىنگەشمەك؛ ئەگەشمەك. (شېئىرنىڭ هەممە مىسرا-

سىدا تەكرارلىنىدىغان قاپىيەسىز).

**رېئال** ھەقىقى؛ چىن: ھەقىقەتتە مەۋجۇت: ئەمەلىي؛ ئەمەلگە ئاشىدىغان؛ بېجىرىلىشى مۇمكىن بولغان.

**رېئالىزم** ئەدەبىيات- سەنئەتتە تۇرمۇشنى ئۆز ئەينى بويىچە كۆرسىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلغان ئەدەبىي ئېقىم.

**رېئالىست** رېئالىزمغا ئەمەل قىلغۇچى؛ ئۆز پائالىيىتىدە رېئال ۋەقەلىك شەرت-شارائىتلىرىنى، مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەرنى ھېساپقا ئېلىپ ئىش بېجىرگۈچى؛ ئەمەلىيەتچى.

**رېفلېكس** جانلىق ئورگانىزمىنىڭ تاشقى تەسىرگە جاۋابەن كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى.

**رېدا** بويىنغا سالىدىغان قەلقەي ياغلىق؛ لۆڭگە.

**رېداكتور** مۇھەررىر.

**رېجىم** (رېـزىـم) تـۈزۈم.

**رېكورد** ئۈزۈپ چىقىش؛ ئۆتۈپ چىقىش؛ يېڭىلىق؛ مۆجىـزە.

**رېند** خار؛ پەقىر.

**رېندە** شاراپ ئىچىپ مەس بولغان ئادەم.

**رېژىسسور** سەھنە ئەسەرلىرى ياكى كىنو فىلىملىرىنى قويۇشتا بەددىي رەھبەر؛ كىنو فىلىم، كونسېرت پىروگراممىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى تەييارلاشتا ئوتكۈزۈلىدىغان ئىجادىي ئىشلارنىڭ تەشكىللاتچىسى ۋە رەھبىرى؛ داۋيەن.



**رىم پاپاسى** كاتولىك دىنىي چېركاۋسىنىڭ ھەمدە ۋاتىكان شەھەرلىك دۆلىتىنىڭ باشلىقى.

**رىسالە** كىچىك ھەجىملىك باسما كىتاپ؛ خـەۋەر كىتاپچە؛ بىراشورا.

**رىسالەت** ئەلچى؛ ئەلچىلىك.

**رېسپۇبلىكا** جۇمھۇرىيەت؛ كۆپچىلىكنىڭ دۆلىتى.

**رېتسېپ** ئاغرىققا دورا تەييارلاش ئۈچۈن يېزىلغان قەغەز.

**رېكتور** ئونىۋېرسىتېت مۇدىرى؛ داشۆي شاۋجاڭى-ئاكى ئالىي مەكتەپنىڭ باشلىقى.

**رىتىم** ۋەزىن؛ ھەركەت، ئۇسۇل ۋە باشقىلارنىڭ بىر قېلىپتا نوۋەتلىشىپ (تەكرارلىنىپ) كېلىشى.

**رېپېتىتسىيە** سەھنە ئويۇنلىرىدا ئوتكۈزۈلىدىغان مەشىق.

**رىۋايەت** ھىكايە؛ ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىك (گەپ-سۆزلەر).

**رىشتە** يىپ، ئىككى نەرسىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى.

**رىش** يارا؛ جاراھەت.

**رىيا** يالغانچىلىق؛ ئۆزىنى ساختىلىق بىلەن ئۇلۇغ قىلىپ كۆرسەتمەك.

**رىياز** گۈللۈك.

**رىيازەت** جاپا - مۇشەققەت؛ قىيىنچىلىق.

**رىزا** رازىلىق؛ ماقۇللۇق؛ مەمنۇنلۇق

**رىزىق** يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەر؛ ئوزۇق - تۈلۈك، مەئىشەت.

رىزۋان   جەننەت ھورلىرى
رىھلەت (رەھلەت)   يولغا چىقىش؛ جونەش؛ كۆچمەك؛
ئۆلمەك.
رىقابەت   زىددىيەت؛ قارىمۇ-قارشىلىق.
رودا   تەركىۋىدە مىتال (مەدەن) بار تاغ جىنسىلىرى.
رودۇ   ھالى خاراپ؛ ئاجىز؛ ئەبگا.
رودۇپاي   رود-ئۆچەي؛ پاي (پايە)-پۇت؛ ئۆچەيدەك
پۇتلۇق.
روناق (رەۋناق)   راۋاج تېپىش؛ ئىلگىرى باساق.
روبرو   يۈزمۇ-يۈز؛ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل.
روبئى مەسكۇن   يەر شارىنىڭتوتتىن بىرى.
روپاج (راۋپاش روپاش)   مەستۇرە؛ ئەرلەرنىڭ كورۈشى مەن‍ئى قىلىنغان.
روي   يۈز بەرمەك؛ سادىر بولماق.
رويا (رۇيى)   يۈز.
رويىزىبا   نۇرلۇق يۈز.
رويى بەرنا   گۈزەل يۈزلۈك.
روھ ئەپزاكالام   جانلاندۇرغۇچى سوز.
روباھ   تۈلكە.
رۇخ   مەڭىز؛ يۈز؛ چىھىر.
رۇخسار   يۈز؛ چىراي؛ جامال.
رۇخسارى بەيزا   ئاق يۈزلۈك.
رۇكۇ   ھورمەت بىلەن ئالدىغا ئېگىشمەك (نامازدا).
رۇپىيە   ھىندىستان، پاكىستان، نېپال، سىرىلانكا قاتار-



لىق دولەتلەرنىڭ پۇل ئىسمى.
رۇستەخىز   توپىلاڭ؛ غەۋغا.
رۇسۇل   ئەلچى؛ خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى؛ پەيغەمبەر.
رۇتبە   مەرتىۋە؛ دەرىجە.
رۇتۇبەت   ھولچىلىك؛ نەملىك؛ ھول-يېغىن.
روشەن   ئېنىق؛ نۇرلۇق؛ پارلاق؛ ئوچۇق؛ يورۇق.
رول   (1) سەھنە ئەسەرلىرىدە ئەرتىسلەرنىڭ ئوينىشىغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە. (2) قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يونۇلۇشكە توغرىلاشتا زورۇر بولغان قىسمى. (3) كىشىلەرنىڭ پائالىيەتتە كورسەتكەن ئىقتىدارى ۋەشۇجەرياندىكى ئوينىغان تەسىرى.

روماننس   ئىرىكلا مەزمۇنلۇق مۇزىكىلىق كىچىك ئەسەر.
رومبا   (1) ھەممە تەرىپى بىردەك پاراللېلىگىرام.
(2) تانسىنىڭ بىر تۈرى.
رولېتكا   مېتىرلىق لېنتا.
رەجەپ   ئەرەپچە يىل ھېساۋىدا سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىسمى.

رەجئەت   قايتماق.
رەمبال (رەممال)   رەمچى؛ پال ئاچقۇچى؛ غايىپتىن خەۋەر بەرگۈچى.

رەزدم   جېدەل قىلماق؛ ئۇرۇشۇش.
رەمىز   ئىشارەت.
رەمەل   كوپ؛ تولا.

رەمىز — ئالامەت؛ نىشان؛ بەلگە؛ ئىشارەت.

رەنا — ئەتىرگۈلنىڭ بىر تۈرى؛ گۈزەل؛ چىرايلىق؛ يېقىملىق؛ قىزىل.

رەندانە — قۇتۇلماق.

رەنج — ئازار؛ قىيىنلىش؛ ئاغرىق؛ مۇشەققەت.

رەنە (رەنى) — كوچمەس مۈلۈك (قورا-جاي،تېرىلغۇ يەر)نى چەكلىك مۇددەت بىلەن بەلگىلىك شەرتلەر ئاستىدا گۆروگە قويماق.

رەھىن — گورو.

رەپتار — ماڭماق؛ يورغىلاش؛ يۈرمەك.

رەقىپ — رىقابەتلەشكۈچى؛ دۈشمەن؛ كۈندەش.

رەقس — ئۇسسۇل.

رەققاس — ئۇسسۇلچى.

رەپىق — دوست؛ يولداش؛ ھەمرا؛ شېرىك.

رەپىقە — خوتۇن؛جۈرە.

رەپىقا — ئەي دوست.

رەسىدە (رېسىدە) — بويىغا يەتكەن؛ بالاغەتكە يەتكەن.

رەستە — ئادەم كوپ ئوتىدىغان بازار يولى؛ بازارنىڭ ئاۋات يېرى؛ توت كوچا.

رەسەتخانا — ئاسمان جىسىملىرى، ھاۋارايى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىدىغان ئورۇن؛ئاسترونومىيىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورۇن(ئابسېۋاتورىيە).

رەت — قوبۇل قىلماسلىق؛ئىنكار؛تونىماسلىق؛ئىقرارقىلماسلىق.

رەۋزا — باغ؛ گۈلزار؛ جەننەت.



رەۋەندە — كونا جەمئىيەتتە ئاشلىق سودىگىرى؛ ئاشلىق ئېلىپ ساتقۇچى.

**رەۋان بەخش** — جان بېغىشلىغۇچى.

**رەۋزان** — توشۇك؛ تۆڭلۈك.

رەۋزىگار(روزىغار) — مال-مۈلۈك؛ تىرىكچىلىك؛ ئائىلە.

رەۋزىنامە(روزنامە) — كۈندىلىك ۋەقەنى خاتىرىلەيدىغان مەخسۇس دەپتەر؛ كۈندىلىك چىقىمنى يېزىپ تۇرىدىغان مەخسۇس دەپتەر؛ ھەرتۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ يىل تەرتىپى بىلەن يېزىلىپ تۇرۇشى(كالېندار).

رەۋزى مەھشەر — قىيامەت كۈنى.

رەزىل — ئەسكەش؛ پەس.

رەزقىزى — ئۈزۈم.

رەھبەر — يول كورسەتكۈچى.

رەھىم — شەپقەت،ئىچ ئاغرىتماق.

رەھنەما — يول كورسەتكۈچى؛ يولباشچى.

رەھنە — ئارىلىق؛ يىراق.

رەھزەن — قاراقچى.

رەئىيە — پۇخرا؛ ئاۋام.

رەئفەت — مېھرىۋان؛ شەپقەتلىك.

رەخش — ئارغىماق ئات.

رەخنە — دەز

رەشك — كۈندەشلىك؛ ئىچى ئاداش؛ قىزغىنىش؛ كىزەلەسلىك.

# ز

زادە — باللىسى؛ ئەۋلادى؛ پەرزەندى.

زاك — چاچ بويايدىغان بوياق.

زاكالەت — سېتىۋالماقچى بولغان نەرسە ئۈچۈن ئالدىن بېرىلىدىغان مەلۇم مىقداردىكى پۇل.

زاكات — بىر مۇسۇلماننىڭ مال ۋە نەق پۇلىدىن سەدىقە ئۈچۈن ئايرىغان قىسمى؛ شەرىئەت بويىچە پۇل ۋە مالنىڭ ھالاللىقى ئۈچۈن قىرىقتىن بىرى زاكات قىلىنىپ، كەمبەغەللەرگە ياكى ۋاكالەتەن ئورۇنغا بېرىلىدۇ.

زاكاۋەت — ئەقىل؛ ئىدرەك؛ پەم-پاراسەت؛ زېرەكلىك.

زاكىر — زىكىر قىلغۇچى؛ يادلىغۇچى؛ ئەسلىگۈچى؛ تەكرارلىغۇچى.

زاكون — قانۇن؛ داۋلى.

زالىم — زۇلۇم قىلغۇچى؛ مەرھەمەتسىز.

زامىن — سەۋەبچى بولماق؛ باھانە بولماق؛ كېپىللىنى ئېلىش؛ يوقالغان نەرسىنى تولەش.

زار — نالە؛ ئىڭراش؛ يىغلاش.

زاراپە — ئىسسىق مەملىكەتلەرنىڭ چوللىرىدە ياشايدىغان، بوينى ئۇزۇن، ئالدى پۇتلىرى ئۇزۇن، ئارقا پۇتلىرى قىسقا ھايۋان.



زاراپەت — نازۇكلۇق.

زاتىل — «ئىلغا» دېيىلىدىغان كېسەللىك؛ تەسۋى.

زاۋال — كۈن يېرىمى ئۆلتۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت؛ بۇ ئادەتتە يوق بولۇش، پەسىيىش، ئۇچۇش ئالدىدىكى شەيئىلەرگە تەدبىقلىنىدۇ.

زاغ — قارغا؛ قۇزغۇن.

زاغۇ-زەغەن — قارغا؛ سېغىزخان.

زاھىر — ئىپادىلىنىش؛ پەيدا بولماق؛ كورۇنۇپ تۇرغان؛ روشەن.

زاھىرى(زاھىرەن) سىرتتىن كورۇنۇپ تۇرغان.

زاھىد (زاھىت) تەقۋادار؛ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ سوپى.

زارگىرىبان — زارلاپ ياش توكۇش.

زاپخوز — ئىگىلىك ئىشىنى باشقۇرغۇچى.

زايوم — قەرز؛ ئوتنە.

زاماسكا — ياغاچتىكى يوچۇقنى سۇگاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ماددا.

زىيەن — چۈشىنىش قۇۋۋىتى.

زىبا — كوركەم؛ گۈزەل؛ چىرايلىق.

زىبكا — سەگەنچۈك.

زىددىيەت — زىد-قارىمۇ-قارشىلىق؛ دۈشمەنلىك.

زىكىر — تىلغا ئالماق؛ نامىنى ئاتىماق؛ يادلىماق؛ ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قىلىنغان ئىبادەت.

زىل — نازۇك؛ ئىنچىكە؛ جاراڭلىق.

زىل — كولەڭگە؛ سايە.

زىلال — سۇپسۈزۈك؛ تىنىق؛ كوپكوك سۇ؛ سوغاق ۋە تىنىق

سۇ؛ چاك-تۇزاقسىز سۇ.

زىنا قانۇنسىز جىنسىي مۇناسىۋەت.

زىنھار پەقەت؛ ھەرگىز؛ مۇتلەق.

زىرەھ ساۋۇت؛ تۆمۈر كىيىم.

زىرۋەبەم زىل؛ بوم.

زىرەك ھوشيار؛ سەزگۈر.

زىيا نۇر؛ يورۇقلۇق؛ شولا.

زىيارەت تاۋاپ قىلىش؛ كۆرۈش؛ بىرنەرسىنىڭ چۆرىسىنى چۆگىلەش.

زىيارەتگاھ زىيارەت قىلىنىدىغان يەر.

زىيالى نۇر چاچقۇچى؛ ئىلىم - پەن بىلەن نۇر چاچقۇچى.

زىجان جان ئىگىسى.

زىجزى شېئىر ئېيتىش؛ كۈيلەش.

زىۋەر چىرايلىق؛ زىننەتلىك.

زىرىق تاغلاردا ئۆسىدىغان بۇرچاق چوڭلۇقىدا قىزىل مېۋىلىك ئۆسۈملۈك.

زىشت پەئال سەت قىلىق؛ نالايىق ئىش.

زوھرە زوھرە ناملىق يۇلتۇز؛ ۋېنېرا؛ سەھەردەچولپان يۇلتۇزى دېيىلىدۇ.

زوھەل ساتۇرن يۇلتۇزىنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى.

زوھد تەركىي دۇنيا.

زۆھد سېغىنىش

زۇلف چاچ؛ ئاياللارنىڭ ئىككى ياڭىقىدىن چۈشكەن



چاچ؛ كوكۇلا.

زۇلفىقار (زۇلف—باش، فىقار—بۇرما، تولغىماچ) سېپى بۇرما قىلىچ.

زۇلمەت زۇلۇملۇق؛ يورۇق بولمىغان؛ قاراڭغۇلۇق

زۇمرەت يېشىل رەڭلىك ئېسىل تاش؛ يېشىللىق

زۇمرە بىرتوپ؛ توپ.

زۇننار بۇتپەرەسلەر بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان بەلگە.

زۇۋان پارسچە «زەبان» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىغا «زۇۋان» بولۇپ ئۆزلەشكەن؛ «تىل» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

زەئىپ كۈچسىزلىك؛ ماغدۇرسىزلىق؛ ئاجىز؛ كېسەللىك.

زەبۇن خار؛ يىغلىش؛ ناتىۋان؛ بىچارە.

زەبۇر ئاللا تەرىپىدىن داۋۇت پەيغەمبەرگە چۈشكەن مۇقەددەس كىتاپ.

زەبەردەست بەستىلىك؛ غالىپ؛ باتۇر.

زەگۇندە پىشايىۋان سۇپىسىنىڭ قىرىدا قويۇلغان تاختاي ياكى ياغاچ.

زەخمەت شىكەستىلىنىش؛ يارىلىنىش؛ ئەزىيەت؛ زىيان.

زەكا زېھىن ئۆتكۈرلۈكى؛ ھەر نەرسىنى تېز چۈشىنىش؛ زېرەكلىك.

زەكى زېھنى ئۆتكۈر؛ زەكا ئىگىسى؛ زېرەك؛ پەم-پاراسەتلىك.

زەكەر ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

زەلەمنا رەببەنا «ئەي تەڭرى، ئۆز-ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق»

زەلىل خورلانغان؛ پەس كورۇلگەن؛ تۆۋەن سانالغان؛ خار.

زەلالەت ئەقلىدىن ئېزىش؛ يولدىن چىقماق؛ ئادىشىش.

زەمچە سۇمسۇق.

زەمىر كوڭۇل؛ قەلب؛ يۈرەك؛ ئىچ.

زەم قوشۇش؛ جەملەش؛ يىغىلغان؛ توختاش.

زەمزەم مەككە شەھرىدە كەئبە يېنىدىكى بۇلاقنىڭ سۈيى بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەۋەررۈك ھېسابلايدۇ.

زەم قىلىپ قوشۇپ؛ ساقلاپ؛ توختىتىپ.

زەنجى(زەڭگى) قارا؛ قارا رەڭلىك (تەنلىك)؛ نېگىر.

زەنەخدان بۇت يېپى؛ ئېغىز - ئىڭەكلەر ئاستى گوشى،

زەنەخ (زاڭاق) ئىڭەك.

زەبۇرجەت زۇمرەت رەڭلىك بىر خىل قىممەتباھا ئېسىل تاش.

زەپە تىبەت زاراڭزىسىنىڭ گۈلى؛ بۇ تىبابەتچىلىكتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ؛ رەڭگى سېرىق.

زەپەر مەقسەتكە ئېرىشكەن؛ مۇۋەپپەقىيەت؛ غەلىبە؛ ئۈستۈنلۈك؛ دۈشمەننى يەڭمەك.

زەر ئالتۇن؛ ئالتۇن سۈيى بېرىلگەن يىپ.

زەرباپ گۈلدار ئېسىل يىپەك رەخت (بۇرۇنقى زاماندا ئەرلەرنىڭ تون - چاپانلىرى مۇشۇ رەختتىن تىكىلەتتى).

زەرداپ يىرىڭلىق قان.



زەردار ئالتۇن تۇتقۇچى؛ باي؛ دۆلەتمەن؛ قول ئىلكىدە بار.

زەرگەر ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرى ياسىغۇچى.

زەررە جىسىمنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىيالايدىغان ئەڭ كىچىك پارچىسى.

زەررات زەررىلەر.

زەرەد سېرىق؛ سېرىق رەڭلىك.

زەررىن ئالتۇنلۇق.

زەرف ئىدىش قاچا.

زەر ۋاراق ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان كىتاب.

زەرىپ ھۇشيار؛ ئەقىللىق.

زەرىنگ ئالتۇندەك؛ ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن.

زەيىدۋال (زەددۋال) زەيدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تامنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تارتىلغان رەخت ياكى باشقا نەرسە.

زەيتۇن دائىم يېشىل تۇرىدىغان، تاشقى كورۈنۈشى تالغا ئوخشايدىغان، مۇسىدىن ياغ تارتىلىدىغان دەرەخ.

زەللە نەسۋە ئۈچۈن يوگەلگەن داستىخان.

زەيلى ئەتراپى؛ داۋامى.

زەھەرخەند زەھەردەك كۈلكە؛ ئاچچىق كۈلىمەك.

زەڭگەر ئاسمان رەڭگى؛ كوك.

## ۋ

ۋالە كۆز يېشى؛ شەبنەم.

ۋابرا بىلىقنىڭ دەم ئېلىش (نەپەس ئېلىش) ئەزاسى.

ۋورنال قەرەللىك چىقىدىغان تەشۋىقات كىتابچىسى ياكى رەسىملەر توپلىمى.

ۋورنالىست ۋورنال، گېزىتلەرگە ماقالا يېزىپ تۇرغۇچى ۋە مەسئۇل بولۇپ نەشىر قىلغۇچى ياكى نەشىر قىلىشقا قاتناشقۇچى.

ۋانىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىللىرى؛ ئۇسلۇپ.

## س

ساباھ تاڭ سەھەر؛ كۈندۈزنىڭ باشلىنىشى؛ قۇياش چىققاندىن پاتقانغا قەدەر بولغان ئارىلىق.

ساباھەت ئاق يۈزلۈك؛ چېھىر پارلاقلىقى؛ گۈزەللىك.

سابات (سابوت) (1) قاتتىق؛ قېتىپ قالغان؛ پۇختىلىق؛ پىشىقلىق؛ مەھكەملىك؛ مۇستەھكەملىك. (2) قەتئىيلىك؛ كەسكىنلىك؛ قايتماسلىق.

سابىر (سەبىر) تاقەتلىك؛ قانائەتچان؛ سەۋرى قىلغۇچى.



سابىت تۇراقلىق؛ بىر جايدا قىمىرلىماي تۇرىدىغان.

سابىق ئىلگىرىكى؛ بۇرۇنقى.

ساداق ئوقيانىڭ ياسى (يېپ، زەي).

ساداقەت سەممىي-سادىقلىق؛ ۋاپادارلىق؛ توغرىلىق.

ساددادىل تۈزكۆڭۈل؛ قەلب پاكلىقى؛ ھىيلىسىز.

سادىر يۈز بەرمەك؛ پەيدا بولماق.

سادىق ۋاپادار؛ راستچىل؛ توغرا.

ساخال چىتەن؛ تام ئۈستىگە قىلىنغان چىت.

ساخاۋەت سېخىيلىق؛ مەرتلىك؛ قول ئوچۇقلۇغى.

ساختا ئويدۇرما؛ يالغان؛ ئالدامچىلىق.

ساختىپەز يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ئويدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

سائىل (سايىل) تىلەمچى؛ قەلەندەر؛ دىۋانە؛ سورىغۇچى.

سائىد بىلەك.

ساجىت سەجدە قىلغۇچى؛ سەجدىگە بارغۇچى.

سالاھ مادارا؛ مۇرەسسە؛ كېلىشتۈرمەك.

سالاچى كېلىشتۈرگۈچى؛ مادارا قىلغۇچى.

سالاپەت سەۋلەت؛ تۇرقى؛ كورۇنۇش.

سالىۋات سالام؛ ناماز.

سال يىل (مەسىلەن: سەيىسال—ئوتتۇز يىل).

سالنامە ۋەقەلەر يىلمۇ-يىل يېزىلىپ تۇرىدىغان يىلنامە.

سالىك ماڭغۇچى.

سالىق ئوغرى؛ بۇلاڭچى.

سالىھ پاك؛ گۇناسىز؛ ياخشى ئادەم.

سالاھىيەت بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى بىرەر ئىشقا ئارىلىشىش لاياقىتى.

سالاتىن سۇلتانلار؛ پادىشالىق.

سالىيوت تەنتەنىلىك ۋەقە ۋە مۇراسىملاردا، بايرام ياكى بىرەر ۋەقەنى خاتىرىلەش مەزگىلىدە توپ-زەمبىرەكلەردىن ياكى مىلتىقلاردىن پاختىۋەن ئوق ئاتماق.

ساما كۆك؛ ئاسمان.

سامانچى ياۋا مۈشۈكنىڭ بىر تۈرى.

ساماۋى خىيالى.

ساياق يولدىن چىققان؛ تەربىيەسىز؛ ئەخلاقى نورمال بولمىغان.

سامان ئەھۋالنىڭ تەكشىلىكى؛ تىنچلىقى.

سامۇم كۆپىنچە ئىسسىق، قۇملۇق چۆللەردە بولىدىغان شامال؛ قۇيۇنلۇق بوران، ئىسسىق گەرمىسەن.

سانا مىللىي تىبابەتچىلىكتە يوپۇرمىقى سۈرگە دورىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەرەخ.

ساناتورىيە كېسەللەر ئۈچۈن ئالاھىدە شارائىت يارىتىلغان داۋالاش ئورنى.

سانىتار داۋالاش ئورۇنلىرىدا ھەم ھەربىي قىسىملاردا خىزمەت ئۆتىگۈچى كىچىك تىببىي خادىم (ئەرلەرگە قوللىنىلىدۇ).

سانىتاركا (يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئاياللارغا قوللىنىلىدۇ).



سانايو تەگرىنى ياخشى سۆيەت بىلەن تىلغا ئالماق.

سانوبە(سەنابەر) تۆپ-تۈز ئۆسىدىغان، مەڭگۈ بېرىندىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى.

سافدىل قەلبى پاك؛ ئاق نىيەت.

ساراسىمە پەرىشانلىق؛ گاڭگىراپ قالماق؛ قالايمىقانچىلىق.

ساراپ(سەرەپ) سەتىراچخانىلار يېنىدىكى ئاددىي يۇيۇنۇش ئورنى.

ساراڭ ئەقلىنى يوقاتقان ئادەم.

سارىدە تەرىپىدە

ساراتاڭ يازنىڭ ئىسسىق مەزگىلى.

ساتىرا تۇرمۇشتىكى يارىماس ھادىسىلەرنى، نۇقسان ھەم كەمچىلىكلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدىغان ۋە كۈلكە قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر؛ ھەجۋى.

ساتىرىك ساتىراشەكىلدىكى؛ ساتىرا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان.

ساتۇرن قەدىمقى رىم ئەپسانىلىرىدىكى دېھقانچىلىق خۇداسى؛ قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشتىن يىراقلىقى جەھەتتە 6 - ئورۇندا تۇرىدىغان سەييارە.

ساۋاپ ياخشىلىققا نىسبەتەن ئاللا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ياخشىلىق مۇكاپاتى؛ خەيرلىك ئىش.

ساۋۇت قەدىمقى زامان جەڭلىرىدە كىيىۋالىدىغان تۆمۈر كىيىم.

ساۋاد قارا قىلماق؛ قارا.

سايان قايان؛ تەرەپ؛ جەھەت.

ساياھەت كەزمەك؛ يولچىلىق؛ كېزىپ يۈرۈپ كۆرمەك.

ساياھەتنامە بىر ساياھەتچىنىڭ كەزگەن يەرلەردە كۆرگەنلىرىنى يېزىپ ۋۇجۇتقا چىقارغان ئەسىرى.

سازاۋەر ئېرىشمەك؛ يېتىشمەك؛ ئىگە بولماق.

ساغرۇ قۇلىغى گاس ياكى پۈتۈنلەي ئاڭلىمايدىغان.

ساغىر مەي پىيالىسى.

ساھابە پەيغەمبەرنىڭ سوھبەتلىرىدە قاتناشقۇچى.

ساھىل دەريا بويى ۋادىسى؛ دېڭىز بويى.

ساھىپ ئىگە؛ ئىگە بولغۇچى.

ساھىپخانە ئۆي ئىگىسى.

ساھىپكامال كامالەتكە يەتكەن.

ساھىپقىران دائىم مەسئۇت ۋە مۇزەپپەر.

ساھىپتەمىز بىلىم ئىگىسى؛ ئەقىللىق كىشى.

ساقى (ئەسلى مەنىسى — سۇغارغۇچى) كاسىگۈل؛ ئولتۇرۇش-بەزمىلەردە قەدەھكە شاراپ-مەي قۇيغۇچى.

ساقىت خالاس بولماق؛ قۇتۇلماق؛ ئاداقلىمىش.

ساقاغ (ساق) پاقالچەك.

ساكىن جىمجىتلىق؛ تۇرغۇنلۇق؛ بىر يەردە تۇرغۇچى.

سېخى قولى ئوچۇق؛ مەرت؛ باشقىلارغا نەپ تېگىدىغان

سىلاسىل زەنجىر.



سىلكىمەك كۆچسىزلىنىش؛ ئازايماق؛ ئاخىرلىشىش؛ شالاڭلاش.

سىلتىرا ئازوت كىسلاتاسىنىڭ ناترىلىق، كالىلىق ياكى ئاممونىلىق تۇزلىرى (بىرىكمىلىرى).

سىماسئولوگىيە تىلشۇناسلىقتا سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆگىنىدىغان پەن.

سىمنارىيە ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇرۇپپا بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەلىي مەشغۇلاتى.

سىمفونىيە مەلۇم ۋەقەنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، ئادەتتە تۆرت قىسىمدىن ئىبارەت بولغان زور مۇزىكا ئەسىرى.

سىمفونىك سىمفونىيىگە دائىر؛ مۇزىكىنىڭ سىمفونىيە پورمىسى بىلەن باغلىق بولغان.

سىنتىنېر 100 كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىگى.

سىدرە جەننەتتىكى بىر خىل دەرەخ.

سىدام گۆلسىز.

سىددىق دائىم توغرا سۆزلەيدىغان ۋە سۆزىدىن يانمايدىغان.

سىدىق توغرىلىق؛ راستلىق.

سىغلىس يەل يارىسى؛ مېرەز.

سىجىل ئۇدا؛ داۋاملىق.

سىلى تۆمۈر كىلبوز كېسەللىگى.

سىلوس ئۆششاق توغرالغان كۆك ئوت — چۆپ ئۈستىدە تۇز سېپىلىپ تەييارلانغان يەم — خەشەك.

سىما يۈز؛ چىراي؛ بەدەن تۈزۈلۈشى؛ يۈز تۈزۈلۈشى؛ قەددى.

سىم كۈمۈچ.

سىمبەر كۈمۈش تەن.

سىمىن كۈمۈچلۈك؛ گۈزەللىك.

سىمىن كۈمۈچ.

سىمۇزەر ئالتۇن-كۈمۈچ.

سىمكار (سىم—كۈمۈچ، كار—ئىش) قىلدۇرۇلغان ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق؛ ئىش ھەققى.

سىمۋول بىر چۈشەنچىنى، ھادىسىنى ئىپادىلىگۈچى، ئەسلەتكۈچى ۋە ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرغۇچى ئوبراز.

سىمىن بەدەن كۈمۈچ تەنلىك.

سىن ئىسكەت، كۆرۈنۈش؛ ئۇزۇنلۇق.

سىنە كۆكرەك؛ مەيدە؛ كۆكسى.

سىيا قارا

سىنجاپ سۇسەر.

سىنتاكسىس تىل ئىلمىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى، جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىش دائىرىسىنى



تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

سىپاپى سىلىق؛ ئەدەپلىك؛ نازاكەتلىك.

سىپېھر ئاسمان؛ كۆك.

سىپاھ ئەسكەر؛ ئەمەلدار.

سىپەر قالقان.

سىراپ باياشاتلىق؛ مەمۇرچىلىك؛ مول.

سىرتەق ئۇچۇر؛ دېرەك.

سىرەك (سىرەن) ئاندا-ساندا؛ شالاڭ.

سىرشەك كۆز يېشى.

سىتەم ھەقسىزلىق؛ جەۋرى-زۇلۇم؛ زۇلۇم.

سىتەمكار زالىم؛ زۇلۇم قىلغۇچى؛ جەۋرىلىگۈچى.

سىزلام جىنسى ئەزا ئاغرىقىنىڭ بىر تۈرى.

سىڭا يالغۇز؛ بىر دانە، بىرتەرەپ.

سىۋژېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىپ-چەپ بېرىدىغان ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر يىغىندىسى.

سىيانس (سىيانسا) كىنونىڭ قىسمىغا بولۇنۇشى.

سىگنال ئاۋاز بىلەن بېرىلگەن بۇيرۇق خەۋەر بەلگىسى.

سىنونىم مەنىداش سۆزلەر.

سىنكا كۆك بوياق.

سىنكىلىت ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ قورۇق ئۇستىخىنى.

سىخولاستىكا ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تەلىماتقا ئاساسلانغان ئىدىيالىستىك فىلوسوفىيە.

سىپراپكا مەلۇمات.

سىتېتوسكوپ — يۈرەك، ئۆپكە ھەركىتىنى تىڭشاش ترۇبكىسى.

سىخولاستىكا — ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تەلىماتقا ئاساسلانـ
غان ئىدىيالىستىك فىلوسوفىيە.

سىتراتوسفېرا — ئاتموسفېرا ئۈستۈنكى قاتلىمى.

سىتراتېگىيە — ئۇزاقنى، ئەتراپلىق ھېساپقا ئالغان ئومۇمى
پىلان؛ سوقۇش ئىلمى.

سىتراخوۋانىيە — غەمسىز لەندۈرۈش.

سىتودېنت — تالىپ؛ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

سىتروكتۇرا — تۈزۈلۈش سىستېمىسى.

سىنارەت — زەمبىرەك ئوقى.

سىرەك — ئات ئويۇنى.

سىركول — چەمبەر سىزغۇچ.

ستاتا — بىرەر تېكىست، ئەسەردىن ئېلىنغان كوچۇرمە.

سىفىر — رەقەم.

سىۋەت — (1) گۈل؛ چېچەك؛ (2) رەڭ؛ (3) نۇر.

ستاتىستىكا — سانئاق؛ ھېساپ؛ سانلىق مەلۇمات.

سىتوپكا — رۇمكا؛ قەدەھ.

سىمچوك — كامالچە.

سېنتىر — مەركەز؛ ئوتتۇرىسى.

سوپى — تەركى دۇنيا؛ ئىزچىل ھالدا خانىقاغا بېرىپ
ئىبادەتكە قاتناشقۇچى.

سوفلىيور سوفىـ
تورمۇددېملىدۇ) — سەھنە يېنىدا تۇرۇپ، ئەرتىسلەرنىڭ ئۇنتۇپ
قالغان سوزىنى ئېيتىپ بەرگۈچى خادىم.

سورۇن — كوپ ئادەم توپلانغان ئورۇن ياكى جاي.



سورۇقچىلىق — ئائىلە دىشۋارچىلىغى؛ ئائىلە ۋەيرانچىلىقى؛
ئىقتىسادىي چىچىلىش.

سوتا — دىۋانىلار تۇتىدىغان مەخسۇس ئۇزۇن ھاسا.

سوزنەك — تاناسىل ئەزا ئاغرىقى.

سوزانە — قىزىق؛ ئوتلۇق؛ كويۇش؛ كويدۇرىدىغان.

سوغا — ياغاچ چېلەك.

سوغۇلماق — سـۈيـۈق نـەرسـىلەرنىڭ پارغا ئايلىنىپ
ئازىيىشى؛ ئادەم ئەزالىرىدىن بىرەرسىنىڭ كە-
چىكىلەپ كېتىشى.

سوقا — شال ئاقلايدىغان سايمان.

سوققا — يېڭى تىكىلگەن ياكى ئۇلانغان مىـۋە دەرەخـ
لىرى ياكى ئۈزۈم تاللىرىدىن يېڭـى سۈرۈپ
چىققان بىخ؛ نوتا.

سولڭ — ئاخىر، ئارقا تەرەپ.

سوڭداشماق — ئىز بېسىپ؛ ئارقىسىدىنلا.

سۈيى — تەرەپ.

سوۋار — مىنىش؛ مىنگەن (مەسىلەن: ئاتقا مىنگەن).

سولۇك — سوپىلىق يولىنى تۇتماق؛ دەرۋىشلىك يولـىغا
ماڭغۇچى.

سوبور — چىداملىق؛ سەۋىرلىك.

سۈباتلىق — مۇستەھكەم؛ چىداملىق؛ مەھكەم.

سۈبھە — تاڭ يېڭى سۈزۈلگەن مەزگىل؛ تاڭ؛ سەھەر.

سۈبھەھە — تەسبىھ.

سۈبھى ئەلەست — كۈننىڭ باشلىنىشى.

سۇبھان ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى.
سۇھا نۇرسىز يۇلتۇز (بىر يۇلتۇزنىڭ ئىسمى).
سۇئىئىستېمال غەيرى مۇددىئا، يامان نىيەت بىلەن پايدىلانماق؛ خەرەزلىك بۇرىماق.
سۇلالە خاندانلىق؛ پادىشالىق.
سۇمبات گۈزەللىك؛ چىرايلىق؛ بەستلىك؛ كېلىشكەن.
سۇمبۇل رەڭگى قارا، شەكلى چاچقا ئوخشايدىغان، خۇشپۇراقلىق گۈل ئېچىلىدىغان خۇشبۇي مايسا.
سۇمۇق زەمچە.
سۇنبۇلە شەمسىيە 6 ـ ئاي؛ قەمەرىيە 8 ـ ئاي.
سۇنئى ھىكمەت؛ تەبىي بولمىغان؛ ئادەم قولى بىلەن ياسالغان؛ ساختا؛ ھۈنەر ـ سانائەت.
سۇرۇخ قىزىل؛ تامغا بېسىشقا ئىشلىتىلىدىغان قىزىل ماي.
سۇرۇد نەغمە؛ چالغۇ ئەسۋاپ.
سۇتۇن تۈۋرۈك.
سۇراھى قەدەھ.
سۇد پايدا.
سۇلۇن ئەسكەر؛ چېرىك.
سۇگ ماتەم؛ ھازا.
سۇلس خەتنىڭ بىر قىسمى؛ ئۈچتىن بىرى.
سۇمەن خۇشبۇي ئاقگۈل.
سۇھەيل يۇلتۇزلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى (رىۋايەتكى قىزىل تارقىتىدىغان يۇلتۇز).



سەبا يېنىك چىققان غۇر-غۇر شامال.
سەباھ (ساباھ بىلەن ئوخشاش).
سەباھەت (ساباھەت بىلەن ئوخشاش).
سەبۇ كىچىككىنە ئىچىملىك كوزىسى.
سەبزە كوكلەم؛ مايسا؛ كوكلەمزار.
سەبى كىچىك؛ گۇناسىز بوۋاق بالا.
سەغىر كىچىك بالا.
سەغىرە كىچىك قىز بالا.
سەبىر باشقا كەلگەن پالاكەت ۋە دەرت-ئەلەمگە چىدىماق.
سەدەقە ئاللانىڭ رىزاسى ئۈچۈن پەقىرلەرگە بېرىلىدىغان پۇل ياكى باشقا نەرسە.
سەد يۈز (ساناق سان).
سەد ھازار يۈز مىڭ.
سەدكار كوپ ماھارەتلىك؛ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان.
سەئى تىرىشماق؛ كۈچ چىقارماق.
سەئيى ھەركەت؛ يۈرۈش؛ ئىنتىلىش.
سەئىد سائادەتلىك؛ بەختىيار؛ ئىقباللىق.
سەئىدە بەختىيار ئايال.
سەئۇبەت قىيىنچىلىق؛ مۇشەققەت.
سەجدە باش قويماق؛ بېشىنى يەرگە قويۇش.
سەججاد جايناماز.
سەكرات جان تالىشىۋاتقان، جان ئۈزۈۋاتقان مەزگىل.

سەلىب قوشۇ ( + ) بەلگىسى؛ كىرىست.

سەلىم قۇسۇرسىز؛ توغرا؛ دۇرۇس.

سەلتەنەت پادىشالىق؛ تەنتەنە؛ ھەشەمەت؛ داغدۇغا.

سەلىخ كۆيىقى دەرىخى ئۇرۇغىنىڭ مېيى.

سەمەر (سەمەرە) مېۋە؛ غەلىبە مېۋىسى.

سەمەد (سەمەت) ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى.

سەتتار (ساتتار) ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى؛ ئەيىپلەرنى ياپقۇچى.

سەمۇر سۇسەر؛ سىنجاپ.

سەمەند ئوت؛ يالقۇن.

سەمەندەر ئەپسانىلەردىكى ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل جانىۋار؛ ئوت ھايۋىنى (ئوتقاش)؛ ئوت چاشقىنى؛ ئاشىق؛ ئازاپ چەككۈچى؛ دەرتمەن.

سەمىن قىممەت باھا.

سەنا تەرىپىنى قىلماق؛ ماختىماق؛ مەدھىيىلىمەك.

سەندەل ئۆي جاھازلىرى؛ چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياسىلىدىغان قاتتىق ياغاچ؛ ئىچىگە ئوتۇن ياكى ياغاچ كۆمۈر چوغى سېلىنىپ قىشتا ئىسسىنىدىغان ئوتدان؛ تومۇرچى؛ زەرگەرلەر تومۇر قاتارلىقلارنى ئۈستىگە قويۇپ سوقىدىغان ئۈسكۈنە.

سەنەم گۈزەل؛ يار؛ جانان؛ بۇت.

سەنئەت بىر ئىشنى قىلىشتىكى ماھارەت؛ ئۇستىلىق.



سەنئەتكار سەنئەتتە ماھىر؛ ئەرتىس.

سەنگى تاش.

سەنگى دىل باغرى تاش؛ تاش يۈرەك.

سەندەلسا سەندەل ياغىچىغا ئوخشاش.

سەپرا قۇسۇق؛ مىجەزچۇسلىغى قاندىكى بۇزۇلغان ماددا.

سەپراس تۆپ-تۈز تىزىلىپ قاتار بولماق؛ سەپنى تۈز قىلماق.

سەپەت دورا ئىسمى.

سەپەر يولچىلىق؛ نۆۋەت؛ قېتىم؛ ئەرەبى ئاينىڭ ئىككىنچىسى.

سەرە ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىگى؛ بىر جىڭنىڭ ئوندىن بىرى.

سەر باش؛ ئۇچ.

سەراپ چۆلدە يىراقتىن سۇغا ئوخشاش غىل-پال كۆرۈنىدىغان، يورۇقلۇقنىڭ ئىنكاسىدىن ھاسىل بولغان خىيالىي سۈرەت؛ ئىزدىتقۇ.

سەردار باشلىق؛ ھەربى قوشۇن قوماندانى.

سەرگەردان ئاۋارە؛ ئىلاجىسىز؛ بېشى ئايلانغان ماكانسىز.

سەرگۈزەشتە (گۈزەشت—ئۆتمەك) باشتىن ئۆتكەن ۋەقەلەر.

سەرگەز تەڭگە چوڭلۇغىدا گۈل بېسىلغان؛ ئەستەرگە ئىشلىتىلىدىغان ماتا.

سەرخۇش خۇش كەيىپ؛ بېشى ئايلانغان؛ شىركەيىپ.

سەركە پادىغا يول باشلاپ ماڭغۇچى ئەركەك ئۆچكە.

سەركەردە قوماندان؛ بىرەر گورۇھنىڭ رەئىسى؛ يولباشچى.

سەرۇپا يېپەكتىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن يالاڭ جاپان.
سەرراپ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتباھالىق تاشلارنى ئېلىپ ساتىدىغان شەخس.
سەرپەرۋاز بېشى ئۈستۈن.
سەرنىگۈن بېشىنى ساڭگىلاتقان؛ بېشى تۆۋەن، (مەغلۇبىيەت مەنىسىدە).
سەرى تېز؛ چاققان؛ چاپسان؛ ئىتتىك.
سەرھەلقە سورۇن (مەجلىس) باشلىقى.
سەرھەلقەئى ئەھلى جۇنۇن ساراڭلار ئەھلىنىڭ سورۇن باشلىقى
سەرىپەسەر پۈتۈنلەي؛ باشتىن-ئاياق.
سەراسەر باشتىن-ئاخىرغىچە؛ تامامەن.
سەرنەۋىشت تەقدىر؛ پىشانە؛ تەلەي.
سەرسەر قاتتىق شامال؛ بوران.
سەركەش باش تارتىش؛ بويۇن تولغاش.
سەرگەشتە بېشى ئايلانغان؛ سەرسان.
سەرزەنىش ھاقارەت؛ دوق؛ ئەيىپلەش.
سەرراج ئىگەر-توقۇم، يۈگەن قاتارلىق جابدۇقلارنى ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان ئادەم.
سەرۋان شەمسىيە 6-ئاي؛ قەمەرىيە 8-ئاي؛ تومۇز ئىسسىق.
سەرۋ قامەتى كېلىشكەن؛ چىرايلىق (سەرۋى دەرەخدەك).
سەرۋى تۈز ئۆسىدىغان دەرەخ (تاغ تېرىكى، سۆۋادانغا



ئوخشاش).
سەرۋەر گۈزەل؛ شاتلىق.
سەراتان ئىنساننىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا چىقىدىغان خەتەرلىك ئىششىق ۋە ئۆسمە؛ راك كېسىلى.
سەترە قۇر؛ كىتاپتىكى خەت قاتارى.
سەتىر (ساتىر) ياپماق؛ يوشۇرۇن تۇتماق.
سەتىر ئەۋرەت ئۇياتلىق يەرنى ياپماق.
سەۋدا سوغ ئەنگىز، بەلغەمنىڭ زىيادىلىقىدىن روھنىڭ جىددىلىشىشى؛ جۇنۇنلۇق؛ تەلۋىلىك؛ سوزلەپ قېلىش.
سەۋدايى (سودايى) باش ئاغرىغى؛ يىغلىماق؛ (ساراڭلىق مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ).
سەۋىر شەمسىيە 2-ئاي؛ قەمەرىيە 4-ئاي.
سەۋت ئاۋاز.
سەۋسەن سېرىق گۈل؛ گۈلسەبدە.
سەيخانە چىلىم ۋە غاڭزىنىڭ ئوتلۇغى
سەيىر (سەييار) ئايلانماق؛ كەزمەك؛ ئايلىنىپ يۈرۈپ تاماشا قىلماق؛ ئايلانغۇچى؛ ئۆزگە.
سەيلە دۆۋانىلار بىلىگە باغلىۋالىدىغان ھەرخىل رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن قىلىنغان بەلۋاغ.
سەيناق يىپەك پاختىسى؛ كىرەكسىز مەشۇت.
سەيياد ئوۋچى.
سەيد ئوۋ؛ شىكار؛ ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋان.
سەييارە ئايلىنىپ يۈرۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارماق؛

ئايلىنىپ يۈرگۈچى؛ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنى-
دىغان يۇلتۇزلار.

سەييياھ ساياھەتچى؛ كەزگۈچى.

سەيقەل پاقىراق؛ پالتىرايدىغان.

سەددى توساق.

سەدىر مەيدە؛ كوكسى.

سەدىرى باشلانماق؛ تور؛ ئۆينىڭ تۆرى.

سەھۋەن (سەۋەن) بىلمەسلىكتىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆتكۈزگەن
كەمچىلىك؛ يېڭىلىشماق.

سەھىپە قەغەز ياپرىقىنىڭ بىر يۈزى؛ كىتاپنىڭ بېتى.

سەھى (سەھەت) تەن ساقلىقى.

سەھەم ئۈرك.

سەھبا مەي ئىچكۈچى.

سەھاب بۇلۇت.

سەبۇھى ئەتىگەندە ئىچىلىدىغان شاراپ.

سەگ ئىت.

سەقىپ تورۇس؛ كۆمبەز.

سەرزەمىن بەلەنت ئويمان - دوڭ بىلەن.

سەڭ تاش.

سەڭبەست تاش بىلەن موستەھكەملەش؛ تاشتەك چىڭىتىش.

سەڭ باران تاش بوران؛ تاش ياغدۇرۇش.

سەققا مەشكاپچى.

سەفىھ يارىماس؛ نادان؛ دۆت؛ گالۋاڭ.

سەفالى بېقىملىق؛ تازا؛ پاك.



سوجە ياتپاش.

سۇرۇن سالقىن.

سۇخەن گەپ؛ سۆز.

سۇخەنچى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا يامان نىيەت بىلەن
گەپ توشۇغۇچى؛ كۆشكۈرتكۈچى.

سوكۇت گەپ - سۆز قىلماي، پوزىتسىيە بىلدۈرمەي
شۈك تۇرماق.

سوكۇنات جىملىق؛ شۈكلۈك.

سولھ بىتىم؛ كېلىشىمەك؛ يارىشماق؛ تىنچلىق.

سۇنگو مىلتىق ئۇچىغا تاقىلىدىغان قىرلىق، ئۆتكۈر خەن-
جەر؛ شىتىك.

سۇرگۇن پالاق (چازانىڭ بىر تۈرى).

سۇرمە قېرىنداش، قەلەم ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان
خامئەشيا؛ ئاياللار قاش - كىرپىكلىرىگە
سۈرتىدىغان قارا بوياق.

سۇرەت شەكلى؛ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

سۇيۇنچە خوش خەۋەر.

## ش

شادىمان (شات) خۇشاللىق؛ مەمنۇن.

شادىيانە خۇشاللىق كۈيى.

شافى ئىسلام دىنىدىكى تۆت مەزھەبتىن بىرى؛ ئىمام

شافى مەزھىبىگە مەنسۇپ.

شاگىرت ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگەنگۈچى.

شاكىر كورگەن ياخشىلىقىغا شۈكۈر قىلغۇچى؛ مىننەتدارلىق قىلغۇچى.

شاللاق تۇتىرۇقسىز؛ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان؛ تۇرمۇشى رەتسىز؛ ئەخلاقسىز.

شام چىراق يېقىلىدىغان، قاش قارايغان ۋاقىت.

شامان دىنى ئوتقا ئېتىقات قىلىدىغان، جىن - پەرىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بولغان ئىپتىدائى دىن شەكىللىرىدىن بىرى.

شاپائەت شەپقەت؛ رەھىم.

شاراب ئىچىملىك؛ ھاراق.

شارانداز قىزىقچى؛ چاققان.

شارار ئۇچقۇن؛ يالقۇن.

شاراپەت ئېتىۋار؛ ئۇلۇغلۇق.

شاتۇر چاققان؛ شامالدەك ئىتتىك ماڭىدىغان ئادەم؛ يەل تاپان ئادەم.

شاتۇۋار گۈل بېسىلغان ماتا.

شاۋۇرۇن ئوچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن، ئاياق كىيىمگە ئەستەر قىلىنىدىغان يۇمشاق ماتىرىيال.

شاھىت گۇۋاچى؛ كورگەن - بىلگەنلىرىنى قەسەم بىلەن سوزلىگۈچى؛ گۇۋا.

شاھانە شاھلارغا مۇناسىپ ھالدا؛ شاھلارچە.



شاھنامە شاھلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى يېزىلغان كىتاپ.

شاھىنشا پادىشالارنىڭ پادىشاھى.

شاھادەت كورگەن - بىلگەنلىرىنى سوزلىمەك؛ ھەقىقەتنى ئىپادە قىلماق؛ گۇۋالىق.

شاھادەتنامە بىرەر مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋانامە قەغەز؛ دىپلوم.

شايەد بەلكىم.

شايەدكى بەلكىم؛ ئېھتىمال

شانە تاغاق.

شېرىپ شەرەپ ئىگىسى؛ مۇبارەك؛ مۇقەددەس.

شىفىر مەخپى يېزىقنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرى؛ مەخپى خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەلۇم بىر سىستېما ئاساسىدا رەقەملەر ياكى ھەرپ بەلگىلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە مەخسۇس ئاچقۇچ ياردىمى بىلەن ئوقۇلىدىغان شەرتلىك ئېلىپبە.

شىجائەت باتۇرلۇق؛ جاسارەت.

شىكەستە سۇنغان؛ سۇنۇق؛ زەرەر كورگەن.

شىكار ئوۋ.

شىكوھ شىكايەت؛ زارلىنىش؛ نارازىلىق؛ غەۋەت؛ بىلدۈرۈش.

شىكالا ئولچەش ئەسۋاپلىرىنىڭ ئولچەملىك سىزىقى.

شىپ ئوينىڭ تورۇسى.

شىپىك نېپىز يىپەك رەخت.

شىپال تومۇر يول رېلىسلىرى ئاستىغا توغرا ياتقۇ-

ۋۇلغان ياغاچ باغاق.
شەپەرەس ئۇكۇل قىلىدىغان، بەدەنگە دورا ئەۋەتىدىغان ئەسۋاپ.
شەپەت خوشخۇدارچىلىق يۈزىسىدىن سېتىلىدىغان چې‌ي قاتارلىق نەرسىلەرگە ھەسسىدارلىق قىلماق.
شىبلىت ئەرلەر بەتىنكىسى.
شىراز كىتاپ تۈپلەش (مۇقاۋىلاش).
شىردا پەردە؛ چىمىلدىق؛ نىقاپ.
شېرىن‌سۇخەن تاتلىق سۆز.
شىرداغ ئىگەر يوپۇقى؛ كالتە يەڭلىك كىيىم؛ گۈل بېسىلغان كىگىز.
شىرىنكا بىردىكلەرنىڭ ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنى باھادا كېلىشتۈرۈپ قويۇپ ئالىدىغان ھەققى (سەپە قاتار دىگەن مەنىلىرىمۇ بار).
شىرىس يۆك؛ يۈكدىن تۇتۇلغان رەخت.
شىر يۇرلاشمىغان؛ ئىچى كاۋاك بولمىغان.
شىرە ئۈستەل؛ جوزا.
شىرەم يىراق؛ ئۇزاق؛ مۇناسىۋەت ئانچە يېقىن بولمىغان (تۇققان).
شىۋە بىر مىللەت تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ ھەر نايىسى جايلاردا ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئېيتىلىشى.
شىنگەرىپ قىزىل بوياق.
شىكاف توشۇكلەر؛ كاۋاكلار؛ يېرىقلار.



شىستىرونە چىشلىق چاق.
شىلانكا رېزىنكا ياكى سوياۋ نەيچە ۋە ياكى شۆخەل ئىلاستىكىلىق نەرسىلەردىن ياسالغان تورۇبا.
شىلىم تومۇر قالپاق.
شىتاب چاپسان؛ ئالدىراقسان بولۇم.
شىتىراپ جېرىمانە؛ پۇل جازاسى.
شىتروم قاتتىق ھۇجۇم.
شتۇرمان دېڭىز، ھاۋا قاتنىشىدا يولباشلىغۇچى ياكى يول كۆرسەتىپ بەرگۈچى.
شىتىك نەيزە؛ مىلتىق ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان نەيزە.
شىتانگا تەنتەربىيىدە ئېغىرلىق كۆتىرىش مەشقى ئېلىپ بارىدىغان قورال.
شولا نۇر؛ يورۇقلۇق.
شۇئائى شولا؛ نۇر.
شورىدە پەرىشان.
شۆرىش چۇقان سېلىش.
شۆخرابەك تۈرمە كۆزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى.
شوۋىنىزم خەلقلەرنى ئېزىش، مىللى بۆلگۈنچىلىك، باستۇرۇش سىياسىتى.
شوكولات كەمپىتنىڭ بىر خىلى.
شورنىك (چورنىك) ئىگەر - توقۇم ئۈستەمىناسى.
شەب كېچە؛ تۈن؛ قاراڭغۇ.
شەباب يىگىت.

**شەبىستان** كېچە؛ تۈن؛ قاراڭغۇلۇق؛ كېچىلىك ماكان.
**شەبنەم** ئوخشاش.
**شەبنەم** كۆز كۆنلىرى كېچىدە ئوچۇق جايلاردىكى نەرسىلەرگە ئاسماندىن چۈشىدىغان نەم، ھول-لۇك.
**شەك** گۇمان.
**شەكەرخەندە** كۈلۈمسىرەش؛ بىر تاتلىق كۈلۈش.
**شەكىب** سەۋر؛ چىدام؛ قانائەتلىك.
**شەكۈر** ياخشىلىققا جاۋاپ قايتۇرغۇچى.
**شەلپەر** سىدام قىزىل ئاددى رەخت.
**شەمس** كۈن؛ قۇياش؛ نۇرلۇق.
**شەمسىيە** دېخانلار يىل كالىندارى.
**شەمشاد** قامەتلىك: قاتتىق ياغاچ (شېئىردا يارنىڭ قامىتىگە ئوخشىتىلىدۇ).
**شەمئى** چىراق؛ شام؛ يورۇق.
**شەپشەك** جىم تۇرمايدىغان؛ ھەممىگە چېپىلىپيۈرگۈچى؛
**(شەپشۈك)** چاپقىكەش.
**شەپىق** مېھرىۋانلىق قىلغۇچى.
**شەپقەت** رەھىم؛ ئىچ ئاغرىتماق.
**شەپائەت** سوراپ ئالماق؛ تىلەپ ئالماق؛ قوللاش.
**شەفەق** كۈن چىقىش ۋە ئولتۇرۇش ۋاقتىدا ئاسماندا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق.
**شەرىئەت** دىنىي قانۇن - ئىنتىزام.



**شەرەپ** يۈكسەك ... ؛ئۇلۇغلۇق.
**شەرھ** ئىزاھلىماق؛ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرمەك؛ ئوق-تۇرماق؛ بېشەپ بەرمەك.
**شەرۋەت** مېۋە سۈيى؛ سۈۋەشېكەردىن قوشۇپ ئىشلەنگەن تاتلىق سۇ.
**شەرمسار** شەرمەندە؛ ئۇياتلىق.
**شەيدا** مەپتۇن؛ ئاشىق؛ ئاۋارە.
**شەيئى** شەيدا قىلماق.
**شەيخۇلئىسلام** پادىشالار زامانىدا بارلىق دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى.
**شەيىخ** مازار باققۇچى.
**شەھنە** پاسىۋان؛ قاراۋۇل؛ ھىمايىچى.
**شەھد** بال؛ ھەسەل.
**شېھىت** ئۇرۇشتا قۇربان بولغۇچى (دىن يولىدا).
**شەھۋانى نەپس** جىنسى تەلەپكە كوپ بېرىلىش.
**شەقىقە** باش ئاغرىقى.
**شەست** تور؛ قارماق؛ دۇتارنىڭ تارى.
**شەۋق (شەۋقى)** ئىشىق؛ تەلەپ؛ كوڭۈل قويۇش.
**شەۋكەت** داغدۇغا؛ ئابروي.
**شەترەنج** شاخمات.
**شوبە** بولەك؛ قىسىم؛ تارماق.
**شوھرەت** نام؛ ئاتاق.
**شۈبھە (شەك)** گۇمان؛ ئىشەنمەسلىك؛ ئارىسالدىلىق.
**شۇنۇر** ئاڭ.

# غ

غادەم ئولمەك؛ جان چىقماق.

غالىب يەڭگۈچى؛ مۇزەپپەر بولغۇچى؛ غەلىبە قىلغۇچى.

غالايىدا چىنوۋنىك؛ (بۇرژۇئادۆلەتلىرىدىكى) ئەمەلدارى؛ بيۇروكرات.

غاپىل(غەپلەت) خەۋەرسىزلىك؛ ئېھتىياتسىزلىق؛ دىققەتسىزلىك؛ غەپلەتتە قالغان؛ بىغەم؛ بىلمەي قېلىش.

غاپپار ئەپۇ قىلغۇچى؛ مەرھەمەت قىلغۇچى.

غاش يۇمشاق بولمىغان؛ قاتتىق.

غايىب كۆزئالدىدا بولمىغان؛ ئەدىلىگى نامەلۇم.

غايەت ئىنتايىن؛ ئاخىرقى دەرىجىدە.

غازات ئۇرۇش؛ جەڭ؛ ھۇجۇم قىلىش؛ باستۇرۇپ كىرىش.

غازى جەڭ قىلغۇچى؛ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى؛ جەڭدە ئولمەي تىرىك قالغۇچى.

غازام قايغۇ؛ ئەلەم؛ غەم.

غارەت بۇلىماق؛ تالىماق؛ تارتىۋالماق.

غېرىپ ھېچكىمى يوق؛ بولەكچىسىز؛ يات يەرگە بېرىپ قالغان.

غىجىر گىيە؛ دادا.

غىلمان جەننەت خىزمەتچىسى؛ ياش يىگىت.



غىلال(غۆل،غەلال) ئىشكەل.

غىباس ياردەم؛ ياردەمچى.

غىمسا ئىچ؛ چىقمايدىغان جاي.

غىنا بايلىق.

غىزال (غەزال) كىيىك.

غىزالە كىيىك بالىسى.

غۇبار چاڭ ـ توزاڭ؛ يۇمشاق توپا؛ كىر؛ داغ.

غوپۇر(غەپۇر) ئەپۇۋە مەرھەمەت قىلماق؛ ئەپۇۋە مەرھەمەت قىلغۇچى.

غۇپران ئەپۇۋە مەرھەمەت قىلمىغان.

غۇلام ياش يىگىت؛ خادىم؛ قۇل؛ مالاي.

غۇلبا ياۋا قويىنىڭ چىشىسى.

غۇم ئاداۋەت؛ ئۆچمەنلىك؛ گىنا.

غۇنچەچى پادىشانىڭ دەرگاھىدا بولىدىغان ساراي خېنىملىرى.

غۇربەت دوردىگەللىق؛ غېرىپلىق؛ مۇساپىرلىق.

غۇسسە بۇتۇش؛ ئەندىشە قىلىش؛ قايغۇرۇش؛ ئەنسىرەش.

غۇسۇل جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىنكى يۇيۇنۇش.

غۇۋا روشەن بولمىغان؛ خىرە.

غەلىتە ئاجايىپ؛ ھەيران قالارلىق؛ ئەسلىيەتكە خىلاپ.

غەللە دىخانچىلىق بېجى.

غەلە پۇل ساندۇقى.

غەلتان پىتىرىغۇچ.

غەم — قايغۇ؛ ئەندىشە؛ ئەنسىرەش.

غەمگۇزار (غەمگۇسار) — كۆيۈنگۈچى؛ غەم يۈكىنى بىللە كۆتەرگۈچى؛ غەم-ئەندىشىنى يوق قىلغۇچى؛ غەمخور؛ غەم يېگۈچى

غەمناك — غەمكىن؛ غەملىك؛ روھى چۈشكۈنلۈك.

غەمزە — كۆز ئويناتماق؛ دىلبەرانە ناز بىلەن كىرپىك سۈزۈپ قارىماق؛ جىلۋە؛ ناز.

غەم سېپىلى — غەمنىڭ كەلكۈن سۈيى (كۆچمە مەنا).

غەۋۋاس — سۇ ئاستىغا چۈشۈپ ئۈزگۈچى

غەنى — ئارتۇقچە تەلەپ قىلمايدىغان؛ مۇھتاج بولمىغان؛ باي؛ بەدەۋلەت.

غەنىمەت — ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن نەرسىلەر؛ ئولجا؛ قەدىرلەش.

غەرق — پاتماق؛ چۆكۈپ كەتمەك.

غەيۇر — غەيرەتلىك؛ باتۇرلۇق؛ كۆپ تىرىشچان؛ پەۋقۇلئاددە؛ ئالاھىدە.

غەش — كۆڭۈلنىڭ بىسەرامجانلىقى؛ كۆڭۈل بىئاراملىقى؛ ئارمانىدا قېلىش پۇشايمىنى.



# ق

قابا — ۋاپاسىز؛ تەتۈر.

قاباھەت — جىنايەت؛ زۇلمەت؛ ئەسكى ۋە ئىپلاسلىق.

قابىل — ئىقتىدارلىق؛ يارامىلىق.

قابىلىيەت — ئىقتىدار؛ ئىستىداد.

قابىز — جان ئالغۇچى.

قابىزۇل ئەرۋاھ — جاننى ئالغۇچى.

قادىر — قۇدرەت ئىگىسى؛ ياراتقۇچى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى).

قامال — مۇھاسىرە؛ ھەر تەرەپتىن ئورىۋالغان (بىلوكادا).

قامۇس — ئىلىمنىڭ بارلىق تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى بىرەر ساھەدە تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان ئىلمىي توپلام؛ مۇكەممەل بولغان لۇغەت كىتاۋى.

قامەت — قەد؛ بوي؛ بەدەن تۈزۈلۈشى.

قادە — قەلەم.

قانال — ئىككى دېڭىز ياكى دەريانى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قېزىلغان سۇيولى.

قانائەت — قېنىش؛ مەمنۇنلۇق؛ رازى بولماق؛ ئارتۇقچە

بىر نەرسە خالماسلىق.

**قانداش** بىر نەسىلدىن بولغان؛ نەسلى بىر.

**قانداغاي** موڭگۈزى بۈغىنىڭ، قۇيرۇغى ئېشەكنىڭ، تۇيىقى كالىنىڭ، بويىنى تۆگىنىڭكىگە ئوخشاش، شەكلى باشقا ھېچقانداق ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.

**قانخور** قان تۆككۈچى؛ زالىم.

**قانسە** توخۇ تاشلىقىنىڭ ئىچكى پەردىسى.

**قاپلان** يولۋاس تۇخۇمىغا تەئەللۇق، رەڭگى تاغىل، تەڭگە گۈللۈك ھايۋان.

**قاپىلە** كارۋان.

**قارامتال** تۆمۈر، چويۇن ۋە پولات قاتارلىقلار.

**قارانچۇق** قوغۇنلۇق ياكى كوكتاتلىقتا ز[ى]يانداش قۇش ۋە باشقىلارنى ھۈركۈتۈش ئۈچۈن ئادەم شەكلىدە ياساپ قويۇلغان نەرسە.

**قارار** سەۋرى؛ تاقەت.

**قارارگاھ** مەنزىل؛ تۇرۇشلۇق ئورۇن؛ قونالغۇ؛ قەدىمقى زامان ئۇرۇشلىرىدا قوماندان ۋە ئەسكەرلەر تۇرىدىغان ئورۇن؛ چېدىر.

**قارى** ئوقۇيدىغان؛ يادقا ئوقۇيدىغان؛ قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان.

**قارغىماق** باشقىلارغا يامانلىق تىلىمەك؛ زاۋاللىقنى تىلىمەك؛ لەنەت – نەپرەت ئوقۇماق.

**قاياش** دەردىگە دەرمان بولغۇچى؛ يارەن؛ دوستە



**قازى** مەھكىمە شەرئى رەئىسى.

**قازى كالان** قازىلار باشلىقى.

**قازىيەلھاجات** ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ئىزى (سۇتچى).

**قاھھار** ئىنتايىن غەزەپلەنگۈچى.

**قاقۇم** ھايۋانلارنىڭ ئاق، يۇمشاق، قىممەتباھالىق تېرىسى (كوپىنچە، جۇگا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ).

**قاقۋاش** پىشىپ كەتكەن باش.

**قاللاپ** ئالدامچى؛ يالغانچى؛ كاززاپ؛ مۇتەھەم.

**قاسىد** ئەلچى؛ خەۋەرچى.

**قاۋماق** توسماق.

**قىبلىنامە** تەرەپنى كورسەتكۈچى ئەسۋاپ؛ كومپاس.

**قىبلە** غەرپ؛ كۈن پېتىش تەرەپ.

**قىن** پىچاق، قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ قېپى (غىلىپى).

**قىران** كۈچ – قۇۋۋەتتە كامالەتكە يەتكەنلىك؛ ياش.

**قىرائەت** ئىچىدە ياكى ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇماق.

**قىرىم** پىشۇرۇلغان، ئاياق كىيىم ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىنىدىغان ئوچكە تېرىسى.

**قىرمىزى** قىزىل؛ توق قىزىل.

**قىرچالماق** تولا ئىشلىتىلىپ پىشىپ كەتكەن؛ ئۇپراپ كەتكەن؛ بېزەمەك؛ زېرىكمەك.

**قىساس** ئىنتىقام؛ ئەنت؛ ئۆچ.

**قىسسە** ھېكايە؛ قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەيدىغان ۋە قەلەملىك شېئىر

**قىسمەت** تەقدىر؛ نەلەي؛ يازمىش.

قىتات ساقال ـ بۇرۇت، چاچ قاتارلىق مويلۇق نەرسىلەرنى، قارايتىشتا ئىشلىتىلىدىغان بوياق.

قىتاتلىماق قىتات بىلەن بويىماق.

قىتمغۇر(قىتىغىر) كورەلمەس؛ ئىچى يامان؛ چىقىشالمايدىغان.

قىتمال هورۇن؛ ئېرىنچەك.

قىتئە پارچە؛ بولەك.

قىيا يېرىم ئوچۇق؛ يارنىڭ تىك قىرغىقى.

قىيام ئورە تۇرماق؛قايىنىتىلغان نەرسىنىڭ قويۇقلىشىپ سوزۇلۇچان هالەتكە كېلىشى.

قىيامەت ئاخىر زامان؛ دۇنيانىڭ ئاخىرى.

قىياس پەرەز؛ مولچەر؛ تەخمىن.

قىزدل كىرىست ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كېسەلۋە ياردىار ئەسكەرلەرگە ياردەم كورسەتكۈچى جەمىيەت؛(تېچلىق مەزگىلىدە، تەبىئى ئاپەتلەرگە دۇچار بولغۇچىلارغا ياردەم بېرىدۇ).

قىلۇقال قاتتىق گەپ ـ سوز؛ مۇنازىرە؛ تالاش ـ تارتىش.

قىماچ ئېچىلماق.

قۇت بەخت؛ سائادەت؛ بەرىكەت.

قۇتلۇغ(قۇتلۇق) بەختلىك؛ مۇبارەك.

قۇتادغۇ بىلىگ بەخت كەلتۇرگۇچى بىلىم.

قۇلماق گۇلىدىن بولكا،نان قاتارلىقلارنىڭ ئېچىتقۇسى ئىشلىنىدىغان ئۇسۇملۇك.

قۇربەت يېقىنلىق؛ يېقىنلاشماق.

قۇدەت بۇرۇن؛ ئىلگىرى.



قۇللاپ قارماق؛ چاچنىڭ هالقىسى؛ چاچتەگكە.

قوچۇر ئاردىغاي دەرىخى.

قۇۋانچ خوشاللىق؛ شاتلىق.

قورىس توغاچ.

قۇۋۇق شونا جەمىيەتتە جىدايىتچىلەرنىڭ بويىنغا سېلىش ئۇچۇن قېلىن ياغاچ تاختايدىن ياسالغان جازا قورالى؛ شەهەر سېپىلىنىڭ دەرۋازىسى.

قوشاق بەلگە باغلىنىدىغان، ئۇزۇن ژە كەك رەختتىن ياسالغان بەلۋاغ.

قوي توۋەن؛ پەس.

قۇبىا ئۇستى يۇمىلاق، گۇمبەز شەكىللىك ئەگمە مەسجىد مېهرابىنىڭ يېپىنىدىكى ۋەز-نەسىيەت ئوقۇش ئورنى.

قۇدرەت ئىقتىدار؛ قۇۋۇەت.

قۇرب كۇچ؛ قۇۋۇەت؛ ئىقتىدار.

قۇرئى تەلەي سىناش ئۇچۇن ئېچىلىدىغان پال.

قۇرئەنداز پالچى؛ قۇرئى ئاچقۇچى.

قۇسۇر كەمچىلىك؛ ئىۋەن.

قۇتلۇق مۇبارەك؛ سائادەتلىك؛ تەلەيلىك؛ ئۇلۇغ.

قۇياش قۇلىغى قۇياش سىرتىدىكى قىزىل، يالقۇنسىمان گاز جىسىم

قۇيۇچ بولات.

قۇيقا ئوتتا پۇچۇلانغان، ئوتتا كويگەن موي ياكى تۇك.

**قوزغۇن** چوڭ قارا قاغا؛ قاغىنىڭ بىر تۈرى.

**قەبىھ** ئەشەددى؛ چېكىدىن ئاشقان.

**قەبا** پىردچە؛ كەمزۇل؛ چاپان.

**قەد** قامەت؛ بوي؛ بەست؛ بەدەن تۈزۈلۈشى؛ بەدەن.

**قەدىناس** كونا؛ سىرداش.

**قەدىردان** قەدىرلەك؛ كىشىلەرنىڭ قەدرى — قىممىتىنى بىلگۈچى ۋە چۈشەنگۈچى.

**قەدەم تەشرىپ** قاتناشماق؛ بارماق؛ كەلمەك؛ ئىشتىراك قىلماق.

**قەدەھ** جام؛ رۇمكا؛ چىنە؛ باكال.

**قەلئە** شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ مۇداپىئە ئۈچۈن قورۇلغان قىلىن ۋە مەھكەم تام ياكى ئىستىھكام، قورغان ئىچىدىكى كىچىك شەھەر.

**قەمەر** ئاي.

**قەمەرىيە** مىلادى يىل ھىساۋى.

**قەمەرسىما** ئاي سۈرەتلىك.

**قەندىل** ئاسما شامدان؛ چىراق.

**قەرەل** پەكلىك مۇددەت؛ ۋاقىت.

**قەرىب** يېقىن؛ تۇققان.

**قەسىدە** مەدھىيە شېئىرى؛ مەدھىيە.

**قەسىر** پادىشالارنىڭ سارىيى.

**قەسەي** چاپاردەن.

**قەتىل (قاتىل)** ئۆلتۈرمەك؛ سويۇش؛ قىرغىن.

**قەتىل ئام** قىرغىنچىلىق؛ تۈركۈملەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش.



**قەترە** سۇنىڭ تامچىسى؛ تەر.

**قەترە ئەفشان** تەر توككۈچى؛ تەر چاچقۇچى.

**قەۋم** كىشىلەر گۇرۇھى؛ تائىپە؛ ئاممىا؛ مىللەت؛ قېرىنداش.

**قەۋس** شەمسىيە 9– ئاي؛ قەمەرىيە 11– ئاي.

**قەۋزىيەت** ئادەمنىڭ چوڭ تەرەتنىڭ قېتىپ كېتىشى.

**قەي** قۇسۇق؛ سەپرا.

**قەيد (قايد)** (1) جەزىم؛ تەكىت؛ چوقۇم؛ مۇقىم. (2) يېزىش؛ يېزىپ قويۇش؛ رويخەت قىلىش.

## ف

**فاسىق** گۇنا قىلغۇچى؛ يامان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگۈچى.

**فاسون** ئۆلگە؛ ئەندىز.

**فابرىكا** زاۋۇت.

**فابرىكانت** فابرىكا ئىگىسى؛ زاۋۇت خوجايىنى.

**فاكىت** دەلىل؛ ئىسپات.

**فاكولتېت** ئالى مەكتەپلەردىكى مەخسۇس كەسىپى بۆلۈم.

**فازا** بىرەر ۋەقە، ھادىسىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئايرىم باسقۇچ؛ تارىخى تەرەققىيات جەريا–

نىدىكى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر دەۋرى؛ باسقۇچ؛ دەۋر.

فارراش (فەرراش) قاراۋۇل؛ سۈپۈرگۈچى؛ سۈپۈرگە؛ كوچا سۈپۈرگۈچى.

فارتۇق (فەرتۇق) شالداما؛ پەشۋال.

فار-فۇر جانان (چىنە ياسايدىغان).

فاقىي مۇللا؛ داموللا.

فايە (فاي) پۇت؛ ئاياق.

فانتازىيە ئىجادىي خىيال؛ تەسەۋۋۇرغا كەلتۈرۈش؛ ئويلاش؛ پەرەز قىلىش؛ خام خىيال؛ ئارزۇ؛ يالغان گەپ؛ خىيال.

فاتالىزىم تەقدىرگە ئىشىنىش.

فېلدشېر ئوتتۇرا مەلۇماتلىق تىببىي خادىم؛ ياردەمچى دوختۇر.

فېليەتون كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم قىسمىغا بېغىشلاپ، تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنى تەنقىت ۋە مەسخىرە قىلىپ يېزىلغان قىسقا ئەدەبىي پۇبلىستىك ئەسەر؛ قىزىق، ئوتكۇر تەنقىدىي ماقالا.

فېرمېنت ئورگانىزىم ھۈجەيرىلىرى پەيدا قىلىدىغان بېلىكسىمان ئورگانىك ماددىلار.

فېرمېنتوگېن ئورگانىزىملاردا فېرمېنت بولۇپ ئۆزگىرىدىغان



خىمىيىلىك ماددىلار.

فېستىۋال خەلقارا سەنئەت كۆرىگى؛ مۇزىكا، تىياتىر، كىنوغا ئوخشاش سەنئەت تۈرلىرىنىڭ قەرەللىك ئوتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان كۆرىگى.

فىگار يارا؛ جاراھەت؛ جاراھەتلەنگەن؛ يارىدار؛ قىيىنالماق.

فىگورا شەكىل؛ قەددى-قامەت؛ بەدەن تۈزۈلۈشى؛ بەدەن ھەرىكىتى.

فېتىشىزىم قەدىمقى قەبىلىلەردىكى سەنەمگە (بۇتقا) قىلىنىدىغان ئېتىقات.

فىزىكا ماتېرىيىنىڭ (ئاتوم، مالېكۇلا، كرىستال، ئېلېكتىر ۋە قاتتىق، سۇيۇق ھەم گازسىمان جىسىملارنىڭ) تۈزۈلۈشى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنىڭ ھەرىكەت فورمىلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ھەمدە نىئورگانىك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن.

فىزىك فىزىكا ئالىمى.

فىزىئولوگىيە ئادەم ۋە ھايۋان ئورگانىزمىدا ھاياتلىق ئۈچۈن بولۇپ تۇرىدىغان زورۇر ھەرىكەت جەريانلىرىنى ۋە بۇ جەريانلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنى، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۆگىنىدىغان پەن.

فىزىئولوگ فىزىئولوگىيە ئالىمى.

فىزكۇلتۇرا بەدەن تەربىيىچىسى؛ تەنتەربىيە.

فىزكۇلتۇرنىك — بەدەن تەربىيەچىسى؛ تەنتەربىيەچى.

فىلولوگىيە — بىرەر خەلقنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى پەن.

فىلولوگ — فىلولوگىيە ئالىمى.

فىلوسوفىيە — پەلسەپە.

فىلوسوپ — پەلسەپە ئالىمى.

فىلاكون — ئەتىر بوتۇلكىسى؛ كىچىك بوتۇلكا.

فىلوت — دۆلەتنىڭ بارلىق ھەربىي، سودا كېمىلىرى.

فىليوگىر — شامال يۆنۈلۈشىنى كۆرسىتىدىغان ئەسۋاپ.

فىدراتسىيە — بىرلەشمە دۆلەت؛ دۆلەتلەر ئىتتىپاقى.

فىلورا — قەدىمقى رىم ئەپسانىلىرىدىكى باھار ۋە گۈل مەبۇدىسى (ئىلاھى).

فىرازېولوگىيە — بىرەر تىلغا خاس بولغان ئىبارىلەرنىڭ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جەممىسى؛ تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەلۇم بىر تىلغا خاس بولغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمە ۋە ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىدىغان بۆلۈمى.

فىرونت — جەڭ رايونىنىڭ ئالدىنقى تەرىپى؛ جەڭ مەيدانى؛ 1- سەپ.

فىۋەت — ۋاقتى ئۆتۈش.

فىرقەت — پىراق؛ ئايرىلىش؛ جۇدالىق.

فىرىب ئامىز — ئۆۋلۈق قىلىنغان؛ ھىيلە بىلەن.

فىردەۋس — باغ.

فىغان — روھى ئازاپ؛ خاپىلىق؛ دەرت؛ نالە-زار.



فونېما — كونكرېت بىر تىلدا سۆز مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان تىل تاۋۇشى. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا 32 فونېما بار.

فونېتىكا — تىلشۇناسلىقنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى ئۆگىنىدىغان قىسمى؛ تىلنىڭ تاۋۇش سوستاۋى ھەققىدىكى تەلىمات.

فونتان — ئۇرۇبا ياكى تۇشۇكتىن يۇقۇرىغا قاراپ ئېتىلىپ، پۇركۇلۇپ چۈشۈۋاتقان سۇ.

فونار (پانار) — فانۇس، چىراق.

فوند — بىرەر مەقسەتتە توپلانغان پۇل.

فوكۇس — قايتقان نۇر مەركىزى.

فولكلور — خەلق ئەدەبىياتى.

فونوگراپ — ئاۋاز خاتىرىلەيدىغان ئەسۋاپ.

فورما — شەكىل؛ ياڭزا؛ قېلىپ؛ ئۇسۇل.

فورمات — ھەجىم (سۈرەت، كىتاپ، قەغەزنىڭ).

فورماتسىيە — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچى ۋە شۇ باسقۇچتىكى تۈزۈم.

فورمۇلا — ئىپادە؛ بىرەر قائىدە – قانۇن، چۈشەنچە ۋە باشقىلارنىڭ مەلۇم شارائىتتا مەخسۇس شەكىل ياكى بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىشى.

فورتوچكا — دېرىزىنىڭ ئۈستى شامالدىتىش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئېچىلىدىغان كۆزنىكى.

فوتو ئاپارات — سۈرەتكە ئالىدىغان ئاپارات.

فوتوگراف — سۈرەتكە تارتقۇچى.

فوسفات ئوغۇت سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان فوسفور كىسلاتاسىنىڭ تۇزى؛ تەركىبىدە فوسفور كىسلاتاسى بار مىنېرال ماددا.

فوسفور يانىدىغان ۋە قاراڭغۇدا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان خىمىيەۋى ئېلېمېنت.

فوتومېتىر يورۇقلۇق ئۆلچەش ئەسۋابى.

فوتوسىنتېز يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۈن نۇرى ياردىمى بىلەن ئوزۇقلىنىش جەريانى.

فۇدەيسە پەيلىرى قىممەتلىك قۇش.

فەجەر تاڭنىڭ يېڭىدىن ئېتىشى.

فەنا يوقىلىش؛ يوقلۇق.

فەراغ ئازات؛ خالى؛ بوش.

فەرد يالغۇز؛ بىرلا؛ تاق.

فەررۇھ قۇتلۇق؛ مۇبارەك.

فەرزانە ئالىم؛ دانىشمەن؛ ئەقىللىق.

فەيكان ئوقيانىڭ ئوقى.

فەيمانە ئۆلچەم؛ قاچا؛ پىيالە.

فەراۋان (پاراۋان) بايلىق؛ بارلىق؛ خوجزلۇق.

فەساد يىرىڭ؛ يىرىڭلاش.

فەسادئادەم دۈشمەنلىككە، پەسلىككە يۈرىدىغان ئادەم.

فەزد دات-پەريات؛ تەشۋىش.

فەزا بوشلۇق؛ ئېچۇقلۇق.



# ك

كاداك ئەسلى مەنىسى — گاراڭ؛ ئىلاجسىزلىق؛ ھازىر بىزدە قىپرى، پىشىپ كەتكەن، قاقۋاش مەنىلىرىدە ئىشلىتىدۇ.

كابىنېت ئالاھىدە بولۇم ياكى ئۆي.

كافى تروپىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىر خىلى؛ شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىن ياسالغان ئىچىملىك.

كافېدرا ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا بىر ياكى بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر نەچچە پەنلەر بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان پىروفېسسور، مۇئەللىمەر ۋە ئىلمىي خادىملار بىرلەشمىسى؛ كەسپىي ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي ئىشلار بولۇمى.

كائىنات مەۋجۇدات؛ پۈتۈن جاھان.

كاج كاچات؛ شاپىلاق.

كاجۋا سىۋەت ياكى سىۋەت شەكىللىك ياغاچ ساندۇق.

كاكاۋۇ ئۇرۇقىدىن شاكالات ياسىلىدىغان تىروپىك دەرەخنىڭ بىر خىلى؛ شۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقىدىن ياسالغان پاراشوك ئىچىملىك.

كالام سۆز؛ گەپ؛ نۇتۇق.
كالان چوڭ؛ ئۇلۇغ.
كاللىپەز كاللا-پاقالچەك پىشۇرۇپ ساتقۇچى.
كالتسىي خىمىيىلىك ئېلېمېنتلاردىن بىرى.
كالورىيە ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر گىرام سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1°C ئۆرلىگەن ياكى تۆۋەنلىگەندە، ئۇ سۈمۈرۈۋالغان ياكى چىقارغان ئىسسىقلىق مىقدارى بىر كالورىيە بولىدۇ.
كالورىمېتىر ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئۆلچەش ئەسۋابى.
كالوتۇن ئالتۇن ياكى كۈمۈچ سۈيى يۈگۈرتۈلگەن، گۈل ۋە كەشتە تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ؛ زەر يىپ.
كامال يېتىشكەنلىك؛ مۇكەممەللىك؛ نۇقسانسىزلىق؛ پۈتۈن.
كامىل (كامال، كامالەتتىن ئوخشاش مەنىدە).
كامران مەقسەتكە يەتكەن.
كام قەدەم.
كامارغا ئەدىبۇن ئەتمەك ئۆكتۈرگە موكىمەك.
كامى ئارزۇ؛ مەقسەت.
كانار قىرغاق؛ گۆش ئاسىدىغان ۋە ئېسىپ قۇيۇپ پارچىلايدىغان تۆمۈر ئىلمەكلىك جازا.
كاندىدات بىرەر ھەرگە سايلاش، بىرەر تەشكىلاتقا ئېلىش ئۈچۈن ياكى خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن



بەلگىلەنگەن، پىلانلانغان كىشى.
كاندىك تۆت چاسا پارچە-پارچە يەر؛ ئېتىز.
كانجا قىسلىق سۇغارماق؛ يەرگە توك ياتقۇزماق.
كاپىر ئىشەنمىگۈچى؛ ئېتىقات قىلمىغۇچى؛ تانغۇچى.
كاپىتال سەرمايە.
كاپىتالىزىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قىلىشقا ۋە ياللانغان ئىشچىلارنىڭ شۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىلىرى بولغان كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي تۈزۈم؛ كاپىتالىزىم—بىر سىنىپنىڭ ئىككىنچى بىر سىنىپ تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ئاساسلانغان ئەڭ ئاخىرقى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم.
كاپىتالىست كاپىتال ئىگىسى؛ بۇرژۇئا سىنىپىغا مەنسۇپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسى ۋە ياللانما ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى؛ ئېكسپىلاتاتور.
كاپارەت گۇناھىنى ئەپۇ قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە ياكى تۇتۇلىدىغان روزا.
كاپالەتنامە كېپىللىك قەغىزى؛ ھۆددىگە ئېلىش قەغىزى.
كاچكول قىش كۈنلىرى كۆل ياكى دەريادىن مۇز تېشىپ سۇ ئىچىلىدىغان تۆشۈك.
كاھگىل (كاكۇل) كاھ — سامان؛ گىل — لاي؛ سامانلىق لاي

مەنىسىدە.
كار — ئىش.
كارامەت — مۆجىزە؛ ئالدىن-ئالا مولچەرلەنگەن ئىشلار؛
ۋەقە؛ ئىنتايىن.
كارانتىن — يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچار بولغان يا-
كى شۇنداق كېسەل تارقالغان جايدىن كەل-
گەنلەرنى باشقىلاردىن ۋاقىتلىق ئايرىپ،
تېببى نازارەت ئاستىغا ئېلىش؛ يۇقۇملۇق
كېسەللىكلەر بىلەن زەھەرلەنگەن جايلاردىكى
كىشىلەر، مال-مۈلۈك ۋە يۈكلەرنىڭ سىرتقا
چىقىشىغا يول قويماسلىق؛ چەكلەش رايونى.
كارىكاتورا — دەجۋى رەسىم؛ مەسخىرە قىلىش مەقسىدىدە
بىرەر شەخس، ئورۇن ياكى نەرسىنىڭ سەل-
بى تەرەپلىرىنى، خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلى-
رىنى كۆپتۈرۈپ، كۈلكىلىك ۋە مازاق قىلىپ
سىزىلغان رەسىم.
كارتون — قاتتىق، قېلىن قەغەز.
كارىز — يەر ئاستى سۇ يولى ئازگال، ئويمان.
كاسا — دىۋانىلارنىڭ يېنىغا ئېسىۋېلىپ مىتال پۇل
سالىدىغان قاچىسى.
كاسسا — پۇل ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر ساقلىنىدىغان
پولات ساندۇق.
كاساپەت — كېلىشمەسلىك؛ نەس؛ بالا-قازا؛ پىشكەللىككە



ئۇچراش. ئەسلى مەنىسى: نۇرلۇق بىر جى-
سىمدا پەيدا بولىدىغان تۇتۇقلۇق.
كاسكا — مىتالدىن ياسالغان باش كىيىم.
كاسىد(كاسات) — خېرىدارسىزلىق؛ ئېلىش-بېرىش ئىشلىرىدە-
كى تۇرغۇنلۇق.
كاسايا — راھىپلارنىڭ بىر مۈرىچە تۇت چاسا قۇراقلار-
دىن تىكىلگەن چاپىنى.
كاسكى — تولا سوزلەيدىغان؛ ھاقارەت مەنىسى—قاۋاش.
كاسنا — ئۇيرۇتما ئىش؛ زاكازغا بېرىلگەن.
كاسىب — ھۈنەرۋەن؛ كەسىپ ئەھلى.
كاسەئى زەررىن — ئالتۇن قاچا.
كاھىن — جىنكەش.
كاھىش — ئوينىڭ ئوگزىلىرىگە ياتقۇزۇلىدىغان، خۇمدان-
دا پىشۇرۇلغان ساپال؛ ۋا.
كاتاك — هارۋا چاقىنىڭ يوللاردا ئويۇپ كەتكەن چوڭ-
قۇر ئىزى؛ ئازگال.
كاتېگورىيە — دەرىجە؛ تۈركۈم؛ گۇرۇھ.
كاتولوگ — كىتاپ-ژورنال، گېزىت ۋە باشقا ئەسەرلەرنى
ئاسان تېپىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر تەرتىپ-
كە سېستىمىلاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن رويخەت.
كاۋا كەپ(كەۋكەپ) يۇلتۇز.
كاۋا ۋىجىن — قارامۇچ (خاجۇ) دەپ ئاتىلىدىغان دورا-دەرمەك.
كاشكى — ئىست؛ ئەپسۇس؛ بولسىچۇ.
كاشانە — ساراي؛ ئوي؛ چىرايلىق ئىمارەت.

**كاشكاپ** دورا قايناتىپ ئىچىدىغان چوگۈن.

**كاززاپ** يالغان، ئويدۇرما؛ مۇغەمبەر؛ قۇۋ.

**كازىپ** يالغان سوزلىگۈچى؛ كۆن چىقىشتىن بۇرۇن بىلىنىپ، كېيىن غايىپ بولىدىغان يورۇقلۇق.

**كاكىكا** ئايرىم نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېپىشىپ يۇتۇن بولۇپ قېلىشى.

**كالىبىر** مىلتىق سىتۇۋولى.

**كانال (قانال)** سۈنئى دەريا؛ ئۆستەڭ.

**كامۇت** تارتىملىق ئىشكاپ.

**كىلاسسىك** كوپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە تونۇلغان ئاتاقلىق يازغۇچى،شائىر، مۇزىكانت، سەنئەتكار، ئالىم ۋە شۇلارنىڭ ئەسەرلىرى.

**كىلوكالورىيە** ئىسسىقلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر كىلوكالورىيە 1000 كالورىيىگە تەڭ بولىدۇ.

**كىلوۋات** ئېلېكتىر قۇۋۋىتىنىڭ 1000 ۋاتقا ياكى 1,36 ئات كۈچىگە تەڭ بولغان ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلوۋات سائەت** ئېلېكتىر توكى بېجىرگەن ئىشنىڭ 1000 ۋات سائەتكە تەڭ بولغان ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلوۋولت** ئېلېكتىر كۈچىنىڭ 1000 ۋولتقا تەڭ بولغان ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىمخاپ** زەرىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان قېلىن گۇلدار ئېسىل يىپەك رەخت.

**كېمىر** ئەگمە؛ ئىگىپ ياسالغان ئوي.

**كېمىرمەك** چىش بىلەن غاجىماق؛ ئەگمەك؛ قىرقىماق؛



تويماق.

**كىنايە** بىر چۈشەنچىنى ئىككىنچى بىر چۈشەنچە بىلەن چۈشەندۈرمەك؛ دارىتما گەپ.

**كىنار** قوچاقلىمىش.

**كېنىزەك** پادىشا سارىيىدا خىزمەت قىلغۇچى قول قىزلار.

**كېپەن** مۇردىنى يۆگەپ يەرلىگىگە كۆمىدىغان ئاق رەخت.

**كېپەنلىمەك** جەسەتكە كېپەن كىيگۈزمەك؛ جەسەتنى كې-پەنلىمەك.

**كىبانە** قارىسۇچ.

**كىبار** مەنسەپدار؛ مەنسەپ ئىگىلىرى؛ ئەمەلدار.

**كىبىر** مەنمەنلىك؛ يوغانچىلىق؛ ھاكاۋۇرلۇق؛ پوچىلىق؛ باشقىلارنى كوزگە ئىلماسلىق.

**كىبرىيا** ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى.

**كىراخمال** ئوسۇملۈكلەردىن ئېلىنغان ئۇن تەخلىتىدىكى ئوگلىۋوت؛ پات.

**كىراخماللىماق** پات بەرمەك؛ كىراخمالغا سالماق؛ پاتلىماق.

**كىرىتىن** قالقانسىمان بەزلەرنىڭ يېتىلمەي قېلىشى نە-تىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان تەن ۋە ئەقىل زەئىپلىشىدىغان كېسەللىك.

**كىرەدۆر-كىرە** چىقىپ كېتىپ بارىدۇ.

**كىرەپىش** چىڭسەي.

**كىراپ** دېڭىز راكى؛ قىسقۇچ پاقا.

**كىرىزان** قاچماق؛ يىراقلاشماق.

كىرىستال كۆپ بۇرجەكلىك شەكىلدىكى قاتتىق جىسىم.

كىسلورود ھاۋا تەركىۋىگە كىرىدىغان ھەم جانلىقلارنىڭ نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان گاز.

كىلىك قومۇچ قەلەم.

كىشىۋەر مەملىكەت؛ ۋىلايەت؛ يۇرت.

كىشاۋەردى يەر تېرىغۇچى؛ دېخان.

كىپەر مەيدە ئاغرىغىنىنىڭ دورىسى.

كىنە(گىنە) ئۆچ؛ ئاداۋەت؛ دودىسى تۇتۇش.

كىسىۋەت ئوشاق جابدۇق؛ ئۆي ئەسۋاپلىرى.

كوكۆلا بېكىنگە چۈشكەن چاچ؛ ياغاق چاچ.

كوكىس ھاۋا كىرگۈزمەستىن كۆيدۈرۈش يولى بىلەن كۆمۈر ۋە تاش كۆمۈر ناتارلىقلاردىن ھاسىل قىلىنغان يېقىلغۇ.

كۆشتە ئۆلتۈرۈلگەن؛ مېتاللارنى ئۆلتۈرۈپ (ئېزىپ) باشقا نەرسىلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ دورا ياساش. مەسىلەن: مىس كۆشتىسى.

كوھىقاپ چۆچەكلەردە ئېيتىلغان دىۋە ياكى ئەجدىھالار ئولتۇرىدىغان دەھشەتلىك تاغ ئۆڭكۈرلىرى(كاۋكاز ۋە باشقا تاغلاردا).

كونىي ماھىيەت؛ ھەقىقىتى.

كۆپۈۋەن ئەھەت ئېرىنگى يوق؛ بىرلا.

كورك ئومىچۈك.

كوتا قىسقا.

كونگولال گاچا؛ كېكەچ؛ تىلى تۇتۇلغان.



كوھسار تاغلىق جايلار.

كوھكەن تاغ كەسكۈچى.

كۆزگۈ ئەينەك.

كۆلا ئوت-چۆپتىن ئىشلەنگەن ئاغامچا.

كۆللاس قانسىراش؛ سۇسسىراش؛ زەھەرلىنىش؛ يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىش نەتىجىسىدە يۈرەكنىڭ ۋە قان ئايلىنىشنىڭ تۇشتۇمتۇت زەئىپلىنىشى.

كۆلچىدان بەزىبىر مەدەنلەرنىڭ گۈگۈرت، مىشياك ياكى سۇر بىلەن قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مىنىرال.

كۆل ھەممە؛ بارلىق.

كۆدورەت كىرلىنىش؛ خىرەلىشىش؛ قايغۇ؛ دۇغلىنىش.

كۆنجىدە بۇلۇڭ؛ بۇلۇڭدا.

كۆشك سارايى؛ ھەشەمەتلىك ئۆي؛ ھوجرا؛ قەسىر.

كومپوزىتسىيە مۇزىكىلىق ئەسەر تۈزۈلۈشى.

كومپوزىتور مۇزىكا ئەسەرلىرى ئاپتورى؛ مۇزىكا ئەسەر يازغۇچىسى.

كوممۇنا مۈلۈكنى ۋە ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈپ ياشىغان كىشىلەر كوللېكتىۋى.

كومبىنات ئوخشاش ئورگانلار بىرلەشمىسى.

كومبىناتسىيە ئوخشاش ئورگانلارنى بىرلەشتۈرۈش.

كومېدىيە كۈلكىلىك سەھنە ئەسىرى.

كومىسسىيە بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن بىرەر ئورۇندا قۇرۇلغان ئورگان ۋە شۇ ئورگاندا ئىشلىگۈچى.

كوماندا ئېغىزچە بۇيرۇق.

كونسېرۋاتىپ (كونسېرۋاتور) كونا، قېپقالغان تەرتىپلەرنى، كوناسا قىنىدىلارنى ساقلاشقا ئىنتىلگۈچى؛ كونىلىق تەرەپدارى؛ جاھىل؛ مۇتەئەسسىپ؛ قالاق.

كونسېرۋاتىزىم كونا تۈزۈمگە، كونا، قېپقالغان تەرتىپلەرگە تەرەپدارلىق؛ ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلىش؛ ئۇلارنى چىڭ تۇرۇپ ھىمايە قىلىش؛ ئىلغارلىققا قارشى تۇتۇلغان يول؛ مۇتەئەسسىپلىك قىلىش.

كويلا سۇ تۈگمەننىڭ سۇ چۈشىدىغان چۈشۈرگىسى.

كۇلا(ھ) قەدىمدە دىۋانىلار بېشىغا كىيىۋالىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئىگىز بۆك؛ قۇلاقچا (تۇماق).

كۇلۇب (كلۇب) مەدىنى ئاقارتىش، سىياسى، تەنتەربىيە ۋە باشقا بىرەر خۇسۇسىتىكى جەمىيەت تەشكىلاتى ۋە شۇ تەشكىلاتنىڭ بىناسى.

كۇپۇر (كۇفر) كاپىرلىق؛ دىنسىزلىق؛ ياپماق.

كۇففار دىنسىزلار.

كۇلبە كەپە ئۆي؛ خانە؛ گەمە ئۆي.

كور كوزى كورمەيدىغان؛ قارىغۇ؛ ئەما.

كوسمۇپولت ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يوقاتقان، ئۆز ۋەتىنى مەنپەئەتلىرىدىن يىراقلاشقان، ئۆز خەلقىغە يات بولۇپ كەتكەن ئادەم.

كوسموپولىتىزىم ۋەتەنپەرۋەرلىكنى رەت قىلغۇچى؛ ئۆزىنىڭدىن ۋاز كېچىشنى تەرغىپ قىلغۇچى؛ مىللى ۋە



مەدىنى ئەنئەنىلەرنى ئىنكار قىلغۇچى نەزىرىيە.

كوزدروك شەپكە ئالدى ياكى چېكىلىگى.

كولبا سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ئەينەك قاچا.

كولباسا ھېسىپ.

كولەسكا پۈركەيلىك ھارۋا.

كونديىساتور ئېلېكتىر قۇۋۋىتىنى توپلايدىغان ئەسۋاپ.

كوۋا موزدۇزلارنىڭ چەمنى ئۇرۇپ تۈزلەيدىغان ياكى يۇمشىتىدىغان ئەسۋابى.

كۇۋاس نان، سۇ ۋە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەردىن تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك.

كەبىر چوڭ؛ يوغان؛ زور؛ مەسىلەن: سەھرايى كەبىر؛ گۇنايى كەبىر.

كەبىسە قەمەرىيە 2ـ ئاينىڭ ھەر توت يىلدا بىر قېتىم 29 كۈن بولۇپ كېلىشى (مۇنداق يىل كەبىسە يىلى دېيىلىدۇ).

كەلىمۇللا ھاسىسى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قولىدا تۇتقان ھاسىسى.

كەمچەن ئولچىگۈچ.

كەم مەقسەت؛ تىلەك؛ ئېغىز.

كەمەند سىرتماق.

كەمەن (كامون) ئوتلاق؛ يايلاق.

كەمان ئېتىپ ئوينىتىپ.

كەم نام ئابرويسىز؛ نامى تۆۋەن.

كەنجە ئاخىرقىسى؛ كېيىن پىشىدىغان؛ كىچىگى.

كەپسەن كونا جەمىيەتتە دېھقانلارنىڭ دىنىي ھوكۇمرانلارغا خامان ئۈستىدە بېرىدىغان خامان ھەققى.

كەپسەن ھەققى كەپسەن ئۈسىغۇچى ئالىدىغان ھەق.

كەت خۇدا ئەر؛ روزغار باشلىقى؛ ئايالغا نىسبەتەن ھوكۇمران.

كەۋسەر ئىسلام دىنىدا ئېيتىلىدىغان جەننەتتە بولىدىغان كۆلنىڭ نامى ۋە شۇ كۆلنىڭ سۈت رەڭگىدىكى سۈيى.

كەنزۇماكان مەۋجۇدات؛ بارلىق ماكان.

كەشپ بار قىلماق؛ يوق نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرمەك؛ ئېچىش.

كەشانە زىننەتلىك كىچىككىنە ئۆي؛ قۇش ئۇۋىسى.

كەھرىۋا قاتتىق ھەم سۈزۈك، سامانني ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىزىل، سېرىق قېزىلماتاش.

كەسرەت كوپلۇك؛ نۇرغۇن؛ جىق.

كەجرەپتار كاج-ئەگرى، تەتۈر؛ رەپتار-مېڭىش؛ تەتۈر ئايلىنىش؛ تەتۈر ماڭىدىغان.

كەر پاڭ؛ گاس.

كەرەشمە خۇش قىلىق (ناز).

كەرىھ سەت؛ خۇنۇك.

كەرەم مەرھەمەت؛ سېخىلىق؛ ئېھسان.

كەرىم (كېرىم، كېرەم) ياخشىلىق قىلغۇچى.

كوجۇم زىچ؛ قويۇق.



كوكنار پىشمىغان ئەپيۇننى قىيايىتىپ ھازىرلانغان مەس قىلغۇچى زەھەرلىك ئىچىملىك.

كوك سېغىز كاۋچۇك ئىشلەپچىقىرىشتا بولىدىغان سېرىق گۈللۈك ئوت.

كۈندەش رەقابەتلەشكۈچى؛ ئىچى تارلىق قىلغۇچى.

كۈشەندە دۈشمەن؛ رەقابەتچى؛ قارىسۇ-قارشى تەرەپ.

كۈرە ھويلا؛ قورا؛ موگخۇللار ئىبادەتخانىسى؛ ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى؛ 10 شىلىڭ بىر كۈرەگە تەڭ.

# گ

گادا (گادای) بوقسۇل؛ مىسكىن؛ پەقىر؛ كەمبەغەل

گاللۇن سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ ئەنگلىيىدە بىر گاللۇن 4٫546 لىتىرغا، ئامېرىكىدا 3٫785 لىتىرغا تەڭ.

گاراژ ئاپتوموبىللار تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىدىغان ئورۇن.

گاردىرۇپكا كىيىم ئىشكاۋى.

گاومونكا كىچىك تىپتىكى گارمون؛ گارموشكا.

گارمونىست گارمونچى؛ گارمون چالغۇچى.

گاردونىيە تاۋۇش ماسلىشىش نەزەرىيىسى؛ ئۇيغۇنلۇق؛

ئاھاڭداشلىق؛ بىر-بىرىگە ماس كېلىمەك.

گارمون — مۇزىكىنىڭ بىر خىلى.

گارنىزون — شەھەرنى قوغدايدىغان قىسىم (ئەسكىرىي قىسىم).

گاشات — ئەندىشە قىلماق؛ ئەنسىرىمەك.

گازولىن — نېفىتتىن ھاسىل بولىدىغان يېقىلغۇ؛ يانارماي؛ چالا تازىلانغان بېنزىن.

گاھى-گاھ — ئاقچا؛ پۇل.

گايكا — ۋىنتا قالپىقى.

گالستۇك — بويۇنغا ئورۇلۇپ، گال ئاستىدىن باغلىنىدىغان ئاسما پوتا.

گېكتار — يەر ئۆلچىمى بولۇپ، بىر گېكتار 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا ياكى 15 موغا تەڭ.

گېلى — ئەڭ يېنىك گازلاردىن بىرى بولۇپ، يېنىكلىكتە ۋودوروتتىن كېيىنلا تۇرىدىغان خىمىيىلىك ئېلېمېنت؛ ئېسىل گاز.

گېئولوگىيە — يەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھازىرقى ھالىتىگىچە بولغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ۋە يەردە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆگىنىدىغان پەن.

گېئوفىزىكا — يەر شارى فىزىكىسى؛ يەرنىڭ قاتتىق (يەر)، سۇيۇق (سۇ)، گازسىمان (ھاۋا) قاتلاملىرىدا بولىدىغان جەريانلارنى فىزىك ئۇسۇللارغا تەدبىق قىلىش يولى بىلەن ئۆگىنىدىغان پەن.



گېئوخىمىيە — خىمىيىۋى ئېلېمېنتلارنىڭ تارىخى، كېلىپ چىقىشى ھەم ئۇلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىدىغان پەن.

گىگانت — بەستلىك؛ گەۋدىلىك؛ ئېگىز؛ كاتتا؛ چوڭ.

گىجىك — ھەركەتتى سۇس؛ تەرسا؛ ئۇششاق ئىشلارغىمۇ ئېسىلىۋالغۇچى.

گىلىيوكوزا — ئۇسۇملۇك ۋە ھايۋانات ئورگانىزىملىرىدا بولىدىغان شېرىنلىك ماددا؛ ئۈزۈم شېرىنىسى.

گېمن — مەدھىيە ناخشىسى؛ دولەت ياكى سىنىپنىڭ بىرلىكى سىمۋول قىلىنغان تەنتەنىلىك كۈي؛ دولەت شېئرى.

گىنا (غۇم) — ئۆچمەنلىك؛ ئاداۋەت؛ ئىچىدە ئۆچمەنلىكنى مەخپى ساقلاش.

گىپس — ھەيكەل ۋە بىزەكلەر ياساش ياكى تاشقى كېسەللىكلەر بولۇملىرىدە ئۇستىخاندىكى سۇنۇق، چىقىلىشلارنى قاتۇرۇپ تېڭىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك ماددا.

گىرداپ — گىرۋەك؛ قىرغاق؛ چەت؛ قايىنام؛ ئايلانما؛ ئۇپقۇن (گىرد — يىغىلغان؛ ئاب — سۇ).

گىرمسەن — سەراپ؛ غۇۋا؛ خىرە كۆرۈنمەك؛ يىراقتىن قارىغاندا ئىسسىق ھاۋانىڭ سۇ ياكى شامالدەك كۆرۈنۈشى.

گىرىپتار — ئۇچرىماق؛ يولۇقماق؛ دۇچار بولماق.

گىرىيان — يىغلىماق؛ يىغلاڭغۇ.

گېرىيە يىغلىماق؛ يىغىي ــ زارە

گېردىبان ياقا؛ كويىنەك، چاپانلارنىڭ ياقىلىرى.

گىياھ ئوت-چوپ؛ ئۆسۈملۈك.

گىيە بېشى ۋە بويىندا تۈكى بولمايدىغان، تاغ-لاردا ياشايدىغان، تاپلارنى يەپ ھايات كەچۈرىدىغان يىرتقۇچ قارا قۇش.

گىراۋىتاتسىيە تەننىڭ قورۇلۇشى ھەققىدىكى پەن: سوزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جۈملىدە بىرىكىپ كېلىش قانۇنلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

گرانت رەڭلىك، قاتتىق تاغ جىنسى: خارساڭتاش.

گىراپا جەدۋەل.

گىرانكا باسمىخانىدا تىزىلغان ھەرىپ بەت ھالىغا كەلتۈرۈلگەندە قەدەر قولىنىلىدىغان تومۇر ياكى پانېركىدىن ياسالغان پەتنۇس.

گىربىلكا ئىچىگە ئىسسىق سۇ قاچىلاپ، بەدەننىڭ ئاغرىق يېرىگە قويۇلىدىغان رېزىنكا، سولىياۋ ياكى مېتال قاچا.

گېرب بىرەر دولەت، شەھەر ياكى قەبىلىنىڭ ۋەتەشكىلاتنىڭ رەسمىي بەلگىسى، تامغىسى.

گېزەندە (گەزەند..گەزىندەن) چاققۇچى (ئىلان، چايان قاتارلىق).

گېئومېتىرىيە (ئەسلى مەنىسى ــ يەر ئولچەش)، ماتېماتىكىنىڭ بىر بولۇمى.



گىرۇي قەھرىمان؛ باتۇر؛ ئەر؛ ئەدەبى ئەسەردە باش رولچى؛ ئۆيغۇرچە كوچمە مەنىدە ــ بەستلىك.

گىگىيە سالامەتلىك ھەققىدىكى پەن.

گىگروسكوپ ھاۋا نەملىكىنى ئۆلچەش ئەسۋابى

گۋاردىيە تاللانغان ئەسكىرىي قىسىم.

گېمروي ئادەم سوڭىكىنىڭ ئاغرىقى.

گېئوگرافىيە جۇغراپىيە.

گېئوگراف گېئوگرافىيە ئالىمى.

گرافىك پىلان بىلەن ئورۇنلىنىشنى سىپلىتتۇرۇپ كورسىتىدىغان جەدۋەل.

گرافىكا بوياقسىز رەسىم؛ ھەرپ شەكلى.

گرافىن سۇ قۇيىدىغان ئەينەك قاچا

گېردىم ئويۇن قويۇش ئۈچۈن پەدەز قىلىش: پەدەز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق.

گىدروستانسىيە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.

گىدروپىلان سۇغا قونىدىغان، سۇدىن ئۈچىدىغان ئايرۇپىلان.

گېلىزا قەغەزدىن ياسالغان پاپىروس نەيچىسى: ئوقتىلىڭ مىشىگى (پىستان).

گىمناستىيوركا ھەربى شەكىللىك كوينەك.

گىنېكولوگىيە ئاياللار ئاغرىقى ھەققىدىكى پەن.

گىپنوز بىراۋ تەرىپىدىن سۇنئى ھالدا ئۇيقـا ھـالىغا
كېلىش ۋە شۇ خىل ھالغا كەلتۈرۈش خىسلىـ
تىگە ئىگە.

گىتار 7 تارلىق مۇزىكا ئەسۋابى.

گلوبۇس ياسالما يەر شارى، موديل.

گوپەي ھەم بەستلىك، ھەم ئۇستىخانلىق، سېمىـىزـ
كېلەڭسىز ئادەم.

گورىللا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بىر خىلى.

گۇش قۇلاق.

گويى يا گويا.

گۈلگۈن پوش گۈلرەڭلىك كىيىم كىيىۋالغۇچى.

گۇمانىست گۇمانىزىم تەرەپدارى، يەنى كىشىلىك ئەركىنـ
لىكنى ھىمايە قىلغۇچى ئىنسانپەرۋەر (ئادەم).

گۇمانىزىم ئىنسانپەرۋەرلىك؛ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن
سۇغۇرۇلغان دۇنيا قاراش.

گۇماشتا ۋەكىل؛ جاسۇس؛ تەرەپدارى.

گۇمنام نام-نىشانى يوقالغان؛ نامى ئۇنتۇلغان.

گۇمبەزى دەۋۋار پەلەك؛ ئاسمان.

گۇناھ ئەيىپ؛ نۇقسان؛ يامان ئىش؛ قانۇنغا خىلاپ
ھەركەت.

گۇندا كونا جەمئىيەتتە «گۇناھكار»لارنىڭ پۇتـىـغـا
سېلىپ قويۇلىدىغان ياغاچتىن ياسالغان ئېغىر
جازا قورالى.

گۇندىخانا تۈرمە؛ قاماقخانا؛ سولاقخانا.



گۇندىۋاي كونا جەمئىيەتتە تۈرمىدە ئىشىك باققۇچى.

گۈن رەڭ؛ بوياق؛ سىۋەت.

گۈنج بۇلۇڭ؛ خالى جاي؛ خىلۋەت.

گۈنگۈلال تىلسىز؛ كېكەش؛ پاڭ.

گۇڭگا غۇۋا؛ خىرە؛ گۇڭۇر - موڭۇر پاراڭلاشماق.

گۈلرىز (گۈلرۆز) گۈل توككۈچى (رىز: توكۈش، چېچىش).

گۇفتىگۇ گەپلىشىش؛ سوزلىشىش؛ تالىشىش؛ گەپ-سۆز.

گۇشە بۇلۇڭ.

گۇرۇز قېچىش.

گۇپتار سوزلىمەك؛ ئېيتماق.

گۇشتىگىرلىك پەلۋانلىق؛ بەدەن تەربىيىسى ھەققىدىكى ئىلىم

گۈلاپ گۈل سۈيى؛ قاق سۈيى (ئاب-سۇ).

گۈلگۈن رەڭمۇ-رەڭ؛ گۈل رەڭلىك (تولاراق قىـزىـل
رەڭگە قارىتىلىدۇ).

گۇدەك سەبى؛ ئەقىل توشمىغانلىق.

گۈگۈسۈن ھارۋا چاقى قاتارلىقلارنىڭ چەمبىرىنى تۇتۇپ
تۇرىدىغان شادىلار؛ نەرسىلەرنىڭ ئىچـىدىن
تۇتۇپ تۇرىدىغان چازا.

گۈلاخ (گۈلەخ) كونا جەمئىيەتتە ھاممام ئالدىدىكى ئوچاقنىڭ
ئىسسىق كۆلى.

گۈلخان كويۇپ يېنىپ تۇرغان بىر دوگا ئوتنۇن ياكى
شاخ.

گۈلىستان گۈللۈك؛ گۈل باغچىسى؛ گۈل يۇرتى.
گۈلشەن گۈل باغچىسى؛ گۈللەر ماكانى.
گۈلنار ئانار گۈلى
گۈلچېھرە يۈزى (چېھرىسى) گۈلگە ئوخشايدىغان؛ گۈل چىراي.
گۈلرۇخ يۈزى (روھى) گۈلگە ئوخشايدىغان.
گۈلرۇخسار يۈزى (رۇخسارى) گۈلگە ئوخشايدىغان؛ چىرايى گۈلدەك.
گۈلسۇرۇخ قىزىلگۈل؛ بويالغان گۈل.
گۈلئۇزار گۈل يۈزلۈك؛ چىرايلىق.
گۈلەندەم گۈل بەدەن؛ بەدەن تۈزۈلۈشى كېلىشكەن؛ خۇشپىچىم.
گۇم (گۇمران) يوق؛ يوقالغان.
گۇمراھ ئاداشقان؛ يول يوقاتقان، (راھ — يول).
گۇرزە (گۇرزا) قەدىمقى زامان ئۇرۇشلىرىدا قوللىنىلىدىغان مىخلىق چوماق (توخماق).
گۈزەل كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان؛ ئەيىبسىز؛ چىرايلىق.
گۇزەر بازار؛ رەستە.
گورە كۆچمە مۈلۈك (پۇلدىن باشقا)نى چەكلىمەيدىغان بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قويۇپ، ئۇلاردىن پىرسەنتىنى بېرىش شەرتى بىلەن پۇل ئېلىش.
گورەخانا گورە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئورۇن.



گورەكەش گورە ئىشىنى باشقۇرغۇچى.
گوھەر قىممەتباھالىق ئېسىل تاش.
گوزەر ئۆتمەك؛ كېچەر؛ كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەر.
گوزەشتە ئۆتكۈزگەن؛ ئۆتكەن؛ كەچۈرگەن.
گەردەن چوڭ چىنە.
گەردىش ئايلانما؛ ئاي ۋە كۈننىڭ چۆرىسىدە ھاسىل بولىدىغان چەمبەر شەكلىدىكى گار؛ چالغۇ ئەسۋابى — داپنىڭ قاسقىنى.
گەردۈن ئاسمان؛ پەلەك؛ كۆك.
گەرد چاڭ؛ توپا؛ توزاڭ.
گەرنەز ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرىنى بېكىتىپ ئاسىدىغان ياغاچ.
گەردەن بەستە بويىنى باغلانغان.
گەرەنمايە يەك ئەزىز؛ قىممەتلىك.
گەريازار يىغا-زار.
گەنج ئالتۇن؛ يوشۇرۇنغان دۇنيا.
گەنجى خەزىنە؛ بايلىق.
گەنجۇر ساغلام بەدەنلىك.
گەژدۇم چايان.
گەيسۇيى ئورۇلگەن چاچ.

# ئې

ئېتىزار (ئېھزار) ئەزىزلەش؛ ھۆرمەتلەش.

ئېكسپېدىتسىيە بىرەر ئىلمىي تەكشۈرۈش ياكى يەر ئاستىدى بايلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن، شۇنىڭدەك شۇ ئورۇننىڭ پائالىيەتلىرى.

ئېلېكترون ئېلېكترنىڭ ئەڭ كىچىك قىسمى؛ ئاتومنىڭ تەركىۋىي قىسمى؛ ئۈچۈدىغان ئاپاراتلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك ماگنىيتلىق بىرىكمە.

ئېلېمېنت بىرەر مۇرەككەپ نەرسىنىڭ كىچىك تەركىۋىي قىسمى، بۆلىكى.

ئېمبارگو بىرەر چەت مەملىكەتكە مال چىقىرىش ياكى بىرەر چەت مەملىكەتتىن مال كىرگۈزۈشنى دولەت تەرىپىدىن چەكلەپ قويۇش.

ئېپىسكوپ خىرىستىيان دىنىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك روھانىسى.

ئېپىزوت ئەدەبىي ئەسەردىكى ۋەقەلىك (سيوژېت)نىڭ بۆلىكى؛ ۋەقە.

ئېپىگراپ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ياكى ئۇنىڭ بىرەر بابى-



نىڭ باشلىنىش ئورنىدا ئۈستىگە يېزىپ قويۇلىدىغان ۋە شۇ ئەسەرنىڭ ياكى بابنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەسەرنىڭ ئاساسىنى ئېچىپ بېرىدىغان سىتاتا (سوز، جۈملە، ئىبارە، ئۈزۈندە، ماقال، تەمسىل ۋە باشقىلار).

ئېپىلوگ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يەكۈنلىگۈچى ۋە كوپىنچە ئەسەرنىڭ ئىشتىراك قىلغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ۋەقەلىگىنىڭ ئاخىرىدىكى تەقدىرىنى تونۇشتۇرغۇچى خاتىمە قىسمى.

ئېپوس داستان؛ قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇغىنى تەسۋىرلەيدىغان داستان؛ ئەدەبىي ئەسەر؛ ئومۇمىي ماۋزۇغا ئىگە بولغان شۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ جەمئىسى.

ئېرا زامان؛ دەۋر؛ بىرەر يىل ھېساۋىنىڭ باشلانغان ۋاقتى؛ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ياكى ئايرىم جەمئىيەت ھاياتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دەۋر؛ يەر تارىخىنىڭ ئەڭ چوڭ خىرونولوگىيىلىك بۆلۈنۈشى.

ئېرفان ئىلىم؛ بىلىم؛ مەرىپەت؛ ھەقىقەتتىن خەۋەردار.

ئېرسال يوللماق؛ ئەۋەتمەك؛ يەتكۈزۈش؛ قويۇپ بېرىش.

ئېرسات قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئولۇكلەر تىرىلىپ توپلىنىدىغان يەر.

ئېرشات توغرا يول كورسەتكۈچى؛ توغرا يولغا باشلىغۇچى.

ئېرىخ تازا؛ پاكىز.

ئېتىقاد — ئىشەنچ؛ ئېتىقات؛ ئەقىدە؛ كۆڭلىدە ساقلاش.

ئېتىمولوگىيە — تىل ئىلمىنىڭ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرىدىغان بۆلۈمى (بۇ بۆلۈمدە سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەنىسى تەكشۈرۈلىدۇ).

ئېتىراپ — قوبۇل قىلماق؛ ئىقرار قىلماق؛ بويسۇنۇش.

ئېتىكاپ (ئەتىكاپ) — مەخسۇس بىر يەرگە كىرىۋېلىپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماق.

ئېتىقات — ئىشەنمەك؛ قائائەت كەلتۈرمەك؛ قەلبىدىن تەستىقلىمەك.

ئېتنوگرافىيە — كونكرېت بىۋاسىتە كۆزىتىش يولى بىلەن تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ سوستاۋىنى، كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشىنى، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھەمدە شۇلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى، مەدەنى-تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىدىغان تارىخ ئىلمى؛ ئېتنوگرافىيە-تارىخ پەنلىرى، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق ۋە ئانتروپولوگىيە پەنلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئېۋروپى — ئادەرمىتاللار قاتارىغا كىرىدىغان خىمىيەۋى ئېلېمېنت.

ئېيىل — ئاتنىڭ توشىدىن تارتىپ قويىدىغان ئىگەر تاسمىسى؛ توشۋاغ.



ئېزىز — ئەزىزەت ئىگىسى؛ ھۆرمەتلىك؛ قەدىرلىك.

ئېغىرسۇ — ئېغىر ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن بىرىكمىسى.

ئېھسان — خەيرلىك ئىش؛ ياخشىلىق؛ ھەدىيە.

ئېھتىلام — چۈشىدە جىمادا بولۇپ، ئالەت ياكى پەرجىدىن مەنى كەتمەك.

ئېھتىرام — سالاملاشماق؛ تېچلىق سورىماق؛ تازىم قىلماق؛ ھۆرمەت.

ئېھتىياج — موھتاج؛ لازىملىق؛ ھاجەتنى چۈشۈش.

ئېھتىمام — بىر ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەك

ئېپسار — پىدا قىلماق.

ئېپتىدال — موتىدىل.

ئېكۋاتور — يەر شارىنىڭ تەڭ بولگۇچى سىزىقى.

ئېكزوتىكا — يات، غەيرى ئۆرپ-ئادەت ۋە نەرسىلەر.

ئېكونومىكا — ئىقتىسات.

ئېكونومىست — ئىقتىساتشۇناس.

ئېكسكاۋاتور — يەر كولاش ماشىنىسى.

ئېكسكۇرسانت — ئېكسكۇرسىيىگە قاتناشقۇچى.

ئېكسكۇرسىيە — ساياھەت.

ئېكسپلاتاتور — ئېزگۈچى.

ئېكسپلاتاتسىيە — ئىشلەپچىقىرىش مۇلۇكلىرى ئىگىلىرىنىڭ باشقىلارنى ئىشلىتىپ پايدىلىنىشى.

ئېكسپازىتسىيە — مۇزىكىلىق ياكى ئەدەبى ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمى؛ مۇقەددىمە

ئېكسپورت — چەت دۆلەتكە تاۋار چىقىرىش.

ئېلېۋاتور — مېخانىكىلاشقان ئاشلىق ئامبىرى.

ئېلېكترود — سۇيۇقلۇق ياكى گازغا توك ئۆتكۈزىدىغان سىم ياكى پىلاستىنكا.

ئېلېكترودىنامىكا — فىزىكىنىڭ ئېلېكتر توكى بىلەن ئېلېكتر ھەركىتىنى تەكشۈرىدىغان قىسمى.

ئېلېكتروماگنىت — ئۈستىگە ئورالغان سىم ئارقىلىق ئېلېكتر تەۋرىتىلگەندە ماگنىتلىنىدىغان ياپىلاق تۆمۈر ياكى گالى.

ئېلېكترومېخانىكا — فىزىكىنىڭ ئېلېكتر تېخنىكا قىسمى.

ئېلېكتروتېخنىكا — ئېلېكتر تېخنىكىسى.

ئېلېكتروتېخنىك — ئېلېكتر تېخنىكا مۇتەخەسسىسى.

ئېمبرىئولوگىيە — بىئولوگىيىنىڭ تۆرەلمە تەرەققىياتىدىكى قىسمى.

ئېنېرگېتىكا — فىزىكىنىڭ ئېنېرگىيە قىسمىنى تەكشۈرىدىغان قىسمى.

ئېنېرگىيە — قۇۋۋەت؛ غەيرەت.

ئېنسىكلوپېدىيە — بىلىمنىڭ بارلىق تارمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى بىرەر ساھەدە تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان قامۇس.

ئېپىگرامما — قىسقا ھەجۋى شېئىر.

ئېپوپېيە — (1) چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلغان ئەسەر. (2) باتۇرلارنىڭ ھەرتىلىگى تەسۋىرلەنگەن چوڭ ئەسەر، داستان.

ئېروتىكا — (1) مۇھەببەتكە، ئاشىقلىققا بېغىشلانغان پو-



ئېزىيە؛ مۇھەببەت، ئاشىقلىق قوشاقلىرى. (2) گۈزەل ئەدەبىياتتىكى ئەسەرلەردىكى ئاشىقلىق.

ئېسكادرا — ھەربى دېڭىز فلوتى ياكى ئاۋىئاتسىيە قوشۇلمىسى.

ئېسكادرىلىيە — ھەربى ئايروپىلانلارنىڭ بىر قانچە ئەترىتىنىڭ قوشۇلمىسى.

ئېسكادرون — ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى.

ئېسكالاتور — توك بىلەن مېڭىپ تۇرىدىغان پەلەمپەي.

ئېستېتىكا — سەنئەت ۋە گۈزەل بەدىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى فىلوسوفىيىلىك تەلىمات؛ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈش.

ئېتىكا — (1) ئەخلاق ھەققىدىكى فىلوسوفىيىلىك تەلىمات. (2) ئەخلاق؛ ئەخلاق قائىدىلىرى.

ئېفىر — كىسلاتا بىلەن ئىسپىرت قوشۇلغاندىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق.

ئېفېلون — ئەسكەرۋە باشقا نەرسە توشۇيدىغان نۆۋەتچى پويىز.

# ئى

ئىئانە — ياردەم؛ پۇل ياردىمى.

ئىبادەت — قۇللۇق بىلدۈرەك.

ئىبارە — بىر ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان بىر ياكى بىر قانچە سۆز بىرىكمىسى.

ئىبارەت — بىر قانداق بىر نەرسىنىڭ جەھمىسى؛ تەشكىل قىلغۇچىسى.

ئىبلىس قوغلاندى قىلىنغان؛ شەيتان؛ ئىنتايىن ھىيلىگەر.

ئىددەت ئېرىدىن ئاجراشقان ياكى ئېرى ئۆلگەن ئايالنىڭ باشقا بىرسىگە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ساقلايدىغان ۋاقتى.

ئىدىيە تەپەككۇر؛ بىرەر مەسىلە، ھادىسە ياكى ۋەقە ھەققىدىكى پىكىر، نۇقتىئەزەر ياكى قاراش؛ غايە؛ ئوي.

ئىدىئولوگىيە ئىدىيەلەرنىڭ يىغىندىسى؛ مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى سىياسى، ھوقۇقى، پەلسەپۋى، دىنىي ۋە بەدىئى قاراشلار سىستېمىسى.

ئىدىيوم بىر تىلغا خاس بولۇپ، تەرجىمە قىلغىلى بولمايدىغان، بىر مەنا ئارقىلىق باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە.

ئىدراك ئەقىل؛ زېھىن؛ چۈشىنىش قۇۋۋىتى.

ئىددىتلىق رەتلىك؛ سەرەمجان؛ ئېپچىل.

ئىددىتلىماق ھولچەرلىمەك؛ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرمەك؛ ساناپ چىقماق.

ئىگىچى ئاپا؛ ھەدە (ئاچا).

ئىخلاس ئېتىقات؛ ئىشەنچ؛ سەمىمىيەت؛ سادىقلىق.

ئىخچام يىغىنچاق؛ چۇۋالچاق بولمىغان؛ چېچىلاڭغۇ بولمىغان.

ئىخراج چىقارماق؛ سۈرگە دورىسى.

ئىخفا يوشۇرۇش؛ مەخپى تۇتۇش.

ئىخزان خىسلەت.

ئىختىرا ئىجادىيەت؛ كەشپىيات.

ئىختىساس مەخسۇسلاشماق.



ئىجابەت قوبۇل كۆرمەك؛ جاۋاپ بېرىش.

ئىجازەت رۇخسەت.

ئىجرا يۈرگۈزمەك؛ ئىشقا ئاشۇرماق؛ ئاققۇزماق.

ئىجتىھات تۈردىتى يەتكەنگە قەدەر تىرىشماق؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك.

ئىكرام ھۆرمەت؛ ئىززەت.

ئىككى تەن ئىككىكى ئادەم.

ئىككى قاۋى كۈچلۈك؛ قۇۋۋەتلىك.

ئىلاۋ يازما ماتېرىياللارغا قوشۇلغان قوشۇمچە مەزمۇن.

ئىلاھ ئاللا؛ خۇدا.

ئىلىك قول؛ ئىگىدارچىلىق.

ئىللەت ئەيىب؛ نۇقسان؛ يېتەرسىزلىك؛ كېسەللىك.

ئىلمىي رۇملى رەممالىق ئىلمى؛ قۇرئەنداز.

ئىلتىجا ئۆتۈنۈش؛ ئىلتىماس.

ئىلتىپات مەرھەمەت؛ ياخشىلىق؛ خەيرخاھلىق قىلىش؛ مېھرىۋانلىق قىلىش؛ كۆز قاراش.

ئىلگىيە تەزدىيە.

ئىلغا زاتىل دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىك.

ئىلەشكەك كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق؛ ئاممىغا ئارىلاشقۇچى.

ئىما ئىشارەت؛ بەلگە بېرىش؛ ئىشارەت بىلەن ئىپادىلەش.

ئىمام جامەدە جامائەتكە باشچىلىق قىلىپ جامائەتكە ناماز ئوقۇتىدىغان كىشى؛ ئالدىن ئەگەشكۈچى.

ئىملا سۆز ئىبارىنى خاتاسىز يېزىش قائىدىسى.

ئىمان ئىشەنچ (دىنىي ئىشەنچ)؛ قانائەت ھاسىل قىلىپ قوبۇل قىلماق.

ئىمىلداش   بىر ئانىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەن، بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان ئىككى بالا.
ئىمۇنىت   ۋۇغما ياكى بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولغاندىن كېيىنكى پەيدا بولغان كېسەلگە قارشى كۈچ.
ئىموتسىونال   ھاياجانلىق.
ئىمتىياز   بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت؛ ئىمكانىيەت؛ ئالاھىدە ھوقۇق.
ئىمساك   تىيىلماق؛ تۇتۇش؛ ئىشتىن ياكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن توختىماق.
ئىنتىقال   كۆچۈش؛ سىلجىش.
ئىنقىياد   ئىتائەت قىلىش؛ بويسۇنۇش؛ ئىقرار بولۇش.
ئىنپىئال   ئەسەر.
ئىنئات   مەرھەمەت.
ئىنتىخاپ   تاللانغان؛ سايلاۋېلىنغان.
ئىنئام   مۇكاپات؛ ھەدىيە.
ئىنايەت   مەرھەمەت؛ مېھرىۋانلىق؛ ياردەم؛ ئىلتىپات؛ ئېھسان.
ئىنجىل   خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى.
ئىنكار   تونۇماسلىق؛ رەت قىلىش.
ئىنكۇباتور   تۇخۇمدىن سۈنئىي ھالدا چۈجە چىقىرىدىغان ئاپارات.
ئىنۋېرسىيە   سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن ئالماشتۇرۇشى.
ئىندېكس   رويخەت؛ تىزىم؛ كۆرسەتكۈچ.
ئىنژېنېر   تېخنىكىدىن ئالىي بىلىمگە ئىگە بولغان مۇتەخەسسىس.
ئىنستروكتور   يوليورۇق كۆرسەتكۈچى؛ جىداۋ يۈەن.



ئىنتوناتسىيە   ئاھاڭ؛ ئاۋاز.
ئىنسانشۇناسلىق   ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، ئىرقىي بولۇنۇشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان پەن.
ئىنساپ   ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش؛ تەڭ بارا-ۋەرگە ئىگە بولۇش.
ئىنتىقام   ئەنت؛ ئۆچ؛ قىساس.
ئىنتىزار   تەقەززا؛ تاقەتسىزلىك؛ تەلمۈرمەك؛ تەقەززالىق بىلەن كۈتمەك.
ئىنشا   يېڭىدىن قۇرماق؛ قۇرۇلۇش؛ گەپ-سۆزنى يازماق؛ ياخشى تۈزمەك.
ئىنشائات   قۇرۇلۇش.
ئىنزىۋا   يىراقلىق.
ئىپار   ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن ئېلىنىدىغان خۇشپۇراق دورىلىق ماددا.
ئىپرات   ھەددىدىن ئارتۇق.
ئىپپەت   نومۇس؛ ئار؛ ھايا؛ پاكلىق.
ئىپتىت   مۇپەتتەلەش.
ئىپتىدا   باشلانغۇچ؛ باشلاپقى.
ئىپشايىراز   سىرنى پاش قىلىش.
ئىپتىخار   غۇرۇر؛ ماختىنىش؛ ماختانماق.
ئىچەك   جانىۋارلارنىڭ قىشلىق ئۇيقىغا كىرىشى.
ئىروتسىيە   داۋىتىما.
ئىسكىموس   قۇتۇپ رايونلىرىدا ياشايدىغان، ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئا- دەملەر توپى.

ئىسكەنجۇدل تىۋىپلارنىڭ سەپرا قايتۇرۇش دورىسى.

ئىسكەنجە ئەزىيەت؛ قانۇن سىرتىدىكى ئازاپ؛ چەكلەش؛ قىسىش؛ بېسىش

ئىسكەت كورۇنۇش؛ نۇسخە.

ئىسلاھ ياخشى ھالغا كەلتۇرمەك؛ قۇرماق؛ يېڭىلىماق.

ئىسلاھات تۇزەتمەك ۋە ياخشىلاش ئىشلىرى.

ئىسمېتا ئالدىن-ئالا تۇزۇلۇپ بەلگىلەنگەن كىرىم-چىقىم ھېساۋى.

ئىسپات دەلىل كەلتۇرۇپ بىرنەرسىنىڭ توغرىلىغىنى ئىنكار قىلىنمايدىغان ھالغا كەلتۇرمەك.

ئىسچوتچىك ئىشلىتىلگەن ئېلېكتىر قۇۋۋىتىنىڭ مىقدارىنى كورسىتىدىغان ئەسۋاپ.

ئىستانزا پىكىرنى تەستىقلەش ۋە كۇچەيتىش ئۇچۇن، بىرەر ئەسەر ۋە بىراۋنىڭ سوزىدىن ئېيىنەن كوچۇرۇۋېلىنغان (ئۇزۇۋېلىنغان) پارچە.

ئىستاتىستىكا كىشىلىك جەمىيەتى ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى سان جەھەتتىن بولىدىغان، سۇپەت جەھەتى بىلەن باغلىق ھالدا تەكشۇرۇلىدىغان ھەم ئۇلارنى ئىلىم ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ئۇگىنىدىغان پەن؛ ئاممىۋى رەۋىشتە سادىر بولىدىغان تۇرلۇك ۋەقە-ھەم ھادىسىلەرنىڭ سان ھېساۋى.

ئىستىبدات زومىگەرلىك؛ زالىملىق؛ جەۋرى-زۇلۇمغا تايانغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى.

ئىستىداد قابىلىيەت؛ ئىشقا تەييارلانماق؛ تىرىشچانلىق.

ئىستىخىيە ئۇيۇشمىغان ھالدا ۋە تەرتىپسىز رەۋىشتە، پە-



لانىسىز ۋە رەھبەرلىكسىز بولىدىغان ھەرىكەت.

ئىستىغنا ئۆزىگە ئىشىنىش؛ بىراۋغا ئېھتىياجسىز.

ئىسمەت پاك؛ ساپ؛ پەزىلەتلىك؛ توسماق.

ئىسناد نىسبەت بېرىش.

ئىسىم ئاشانى دۇئالار.

ئىسار بېغىشلاش.

ئىسخىما بىرەر نەرسىنىڭ ئومۇمى تەسۋىرى؛ تەخمىنى پىلان؛ مولچەر كورۇنۇشى ياكى خۇلاسە كورۇنۇشى.

ئىستېرىيە تۇتقاقلىق كېسىلى؛ قورقاقلىق كېسىلى؛ نېرۋا ئاغرىغىنىڭ بىر تۇرى.

ئىستىل ئۇسلۇپ؛ تەرز؛ يول.

ئىستىلا بېسىۋالماق؛ قورال كۇچى بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالماق؛ يەڭمەك.

ئىستىلىستىكا ئىستىل ۋە ئۇسلۇپ توغرىسىدىكى پەن؛ ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىلىك ۋاستىلىرى.

ئىستىپا تەلەپ قىلىپ خىزمەتتىن بوشانماق.

ئىستىراھەت ئايلىنىش؛ ئارام؛ راھەت؛ ھوزۇر.

ئىستىراھەتگاھ ئارام ئالىدىغان جاي (يەر).

ئىستىسنا مۇناسىۋەتسىز؛ قائىدىدىن سىرتقالدۇرماق؛ باشقىلاردىن ئايرىماق.

ئىستىغپار گۇناھىنى كەچۇرۇشنى تىلىمەك؛ تۇۋا قىلىش؛ ئەپۇ سورىماق.

ئىستىھكام تۇساق؛ سېپىل.

ئىستىقامەت توغرا بولماق؛ مۇستەھكەم تۇرماق؛ تۇرغۇنلۇق.

ئىستىقبال كېلەچەك؛ كەلگۈسى؛ بىر نەرسىگە يۈزلەنمەك.
ئىستىقلال مۇستەقىل؛ ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان؛ ئۆزىگە ئۆزى خوجا.
ئىسيان توپىلاڭ، قوزغىلاڭ؛ ئىتائەتسىزلىك.
ئىسقات جىنازانامىزى چۈشۈرگۈچىگە ۋە شۇ نامازغا قاتناشقۇچىلارغا بېرىلىدىغان پۇل؛ كېسىشى كەپ بىلەن سوكمەك؛ خاتالاشتۇرۇۋشقا ئۇرۇنماق؛ بالىنى چالا تۇغماق.
ئىشتەك ئارزۇ؛ ھەۋەس؛ ئىختىيار؛ مايىل.
ئىسمەن ئاغرىقسىز؛ ساغلام؛ ۋۇجۇدىدا نۇقسان بولمىغان.
ئىتائەت بويسۇنۇش؛ سوز ۋە بۇيرۇقنى ئاڭلاش.
ئىتتىپاق سوز ۋە كۈچ بىرلىكىدە بولماق.
ئىتىدالە ئوتتۇرا ئارىلىق؛ ئۇياقمۇ ئەمەس، بۇياقمۇ ئەمەس.
ئىتىراز بىلدۈرمەك (1) قوشۇلماسلىق؛ قارشىلىق بىلدۈرمەك. (2) قارشى تەرەپنىڭ سوز ياكى ھەركىتىگە قارىتا قاتتىق قارشى پىكىر بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىزاھلاپ بىلدۈرمەك.
ئىۋەز قەرز؛ جاۋاپ.
ئىۋەن كەمچىلىك؛ يېتەرسىزلىك.
ئىشان سوپىلار باشلىقى.
ئىشىك ئاغا ساراي مەنسەپدارى.
ئىشۋە ناز؛ قىلىق؛ نازۇ-كەرەشمە؛ پايدا-زىيىنىنى ئويلىماي ئىش كورۇش.
ئىشرەت بەزمە ئويىنماق؛ مەس قىلغۇچى نەرسە ئىسسە-



مالى؛ ئىچكۈلۈك.
ئىشتىباھ شۈبھىلەنمەك؛ گۇمان؛ ئىشىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى.
ئىشجار دەرەخ.
ئىشتىراك قاتناشماق، ئورتاقلاشماق؛ بىرلىكتە ھەركەت قىلماق.
ئىشتىراپ پۇل جازاسى.
ئىشتىياق ھەۋەس؛ قىزىقىش؛ قەلب مايىللىقى.
ئىشغال ئەسكەرلەرنىڭ باشقا بىر يەرنى ئىگەللەپ تۇرۇشى.
ئىشغالىيەت زورلۇق ھەم كۈچ بىلەن بېسىۋالماق.
ئىشتىھا ئورگانىزمنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئېھتىياج ۋە ھەۋەسلىرى.
ئىشىق بەك سۆيمەك؛ ھەددى-ھېساپسىز مۇھەببەت؛ سۆيگۈ؛ سەۋدا.
ئىيمن ھول ئۆزۈمنىڭ ئۈۋۈنى.
ئىزاھ (ئىزاھات) تەپسىلات بىلەن چۈشەندۈرمەك؛ ئىشنى ئاشكارا قىلماق.
ئىزىن رۇخسەت؛ ئىجازەت.
ئىزومېر خىمىيىلىك تەركىپلىرى ئوخشىمايدىغان، مالېكولا تۈزۈلۈشى ۋە فىزىكىلىق، خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەر خىل بولغان ماددىلار.
ئىزاپەت قوشۇش.
ئىززەت ئاتائاللا ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى.
ئىزلال خارلاش؛ خار قىلىش؛ خار ھالەتتە تاپماق.

ئىزتىراپ كۆتۈپ قېلىش؛ تىپىرلاش؛ تىنىچسىزلىنىش؛ چارىسىزلىق.
ئىززەت قەدىر ـ قىممەت؛ ئېتىۋار؛ ھۆرمەت.
ئىزھار ئاشكارا قىلماق؛ كۆرسەتمەك؛ بايان قىلماق.
ئىقبال پارلاق ھال؛بەخت؛ تەلەي؛ ئىستىقبال.
ئىقلىم ئەل؛ يۇرت؛ ھاۋارايى؛ قىتئە.
ئىختىدا باش قويماق؛ چوقۇنماق؛ ئەگەشمەك.
ئىقتىدار قۇدرەت؛ قابىلىيەت؛ بىرەر ئىشنى بېجىرەلەيدىغانلىق.
ئىماتە مۇداپىئە: چورىسىنى چورىدەپ توسۇپ قويماق
ئىھسان جاننى پىدا قىلىش؛ ياخشىلىق قىلىش.
ئىھتىساپ ھېساپلاش؛ تەرگەش؛ سەۋەپسىزلا.
ئىغشا ئاشكارا قىلىش؛ پاش قىلىش.
ئىفرەت ئارتۇقچە؛ ھەددىدىن ئاشقىرى.

## ي

ياد خاتىرە؛ ئەس.
يادا يامغۇر تىلەش دۇئاسى يېزىلغان تاش؛(كوچىسىنىدە ـ بىرقىسىم ئادەم ياكى ھايۋانلاردىن بەكرەك ھەركەتچانلىرىنى „ئىچىدە ياداتېشى بار" دېيىلىدۇ).
يادىچى يامغۇر ياغدۇرغۇچى.
ياجوج ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە، قىيامەت كۈنى پەيدا بولىدىغان پاكار بويلۇق بەد-بەشىرە



ئادەملەر.
ياناق يۈزنىڭ كۆز، قۇلاق ۋە بۇرۇن ئارىلىرىدىكى قىسمى.
يانە يان؛ يانبېغىر.
ياگۇئار ئامېرىكا قاپلىنى.
يادرو (1) مەركەز.(2) كىلىتكا.(3) مېغىز؛ دان.
ياران بۇرادەر؛ دوست.
ياراتماق يوقتىن بار قىلماق؛ ۋۇجۇتقا كەلتۇرمەك.
ياراغ(ياراغلىق) قورال؛ قابىل؛ يارامىلىق.
يارلىق بۇيرۇق؛ پەرمان.
يارقىن ئاشكارا؛ روشەن؛ ئوچۇق.
يارا باتۇرلۇق؛ كۈچ.
ياۋ دۈشمەن؛ رەقىپ.
ياۋۇز رەھىمسىز.
ياۋەر ياردەمچى.
ياۋە مەنىسىز؛ بىھۇدە.
ياقۇت قىزىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك قىممەتباھا تاش.
ياقۇتى ئەھمەر قىزىل ياقۇت.
ياقاق يېدىك.
ياققال روشەن؛ ئېنىق.
ياغما ئولجا؛ تالان-تاراج.
ياغدۇ نۇر.
يېسىر يېتىم.
يېشىن (يەشىن) چاقماق.
يېغا جەڭ؛ ئۇرۇش.

يېگانە — بىر جۈپى بولمىغان؛ تەنھا؛ يالغۇز.

يېگىت — ياش؛ قۇۋۋەتلىك؛ جەسۇر؛ باتۇر.

يېكەنداز — مېھمان ئاستىغا سېلىنىدىغان ئۇزۇن كۆرپە.

يېلنامە — يىل تەرتىۋى بىلەن يېزىلغان قەدىمقى زامانلارنىڭ تارىخى ۋەقەلەر، ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ يىل تەرتىۋى بىلەن يېزىلىپ تۇرۇشى.

يېتىم ھاتتا — كونا جەمئىيەتتە بازارمۇ-بازار يۈرۈپ مال ساتقۇچى.

يوپۇتماق — يوشۇرماق؛ سۆزنى ئەگىتىپ ئېيتماق.

يۇمران — قاتمىغان؛ يۇمشاق؛ قاتتىق بولمىغان.

يۇپىتېر — قەدىمقى زاماندىكى رىم ئەپسانىلىرىدا ئەڭ ئالى ئاسمان خۇداسى؛ قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشتىن يىراقلىقى جەھەتتە 5-ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ سەييارە. (ئەرەپ تىلىدا «مۇشتەرى» دېيىلىدۇ).

يوچۇن — ئەلبەتتە؛ تونۇش بولمىغان؛ ھەيران قالارلىق.

يوسۇن — قائىدە؛ نىزام؛ ئەدەپ؛ ئۇسۇل-چارە.

يۇڭلۇق كەركىدان — قەدىمقى ئومۇرتقىلىق ھايۋان.

يوھا — دەم تارتقۇچى؛ ئەجدىھا.

يەھۇدى — ئىسرائىل ئوغۇللىرى دەپ ئاتىلىدىغان، مۇسادىنغا ئىشىنىدىغان قەۋم ۋە شۇ قەۋمگە تەۋە ئادەم.

يەتتە مەنزىر — يەتتە كۆرۈنۈش (يەتتە ئاسماندىن كىنايە).

يەۋمولجازا — جازا كۈنى (قىيامەت كۈنى).



# ل

لال — تىلى گاچىلاشماق؛ تىلى گەپكە كەلمەسلىك؛ زۇۋۇپ قېلىش.

لالە — لەيلىگۈل.

لالىزار — گۈلزار؛ لەيلىگۈللۈك باغچا.

لالەگۈن — لالىرەڭلىك (قىزىل رەڭلىك).

لاما — زاڭزۇلار ۋە موڭغۇللارنىڭ بۇددا دىنى راھىبى.

لاماكان — (لا — يوق مەنىسىدە) يوق ماكان؛ ماكانسىز؛ ئورۇن-جايى يوق.

لاۋا — يانار تاغ (ۋولقان)دىن ئېتىلىپ چىققان ماگما ھالىتىدىكى سۇيۇق ماددىلار؛ تاغ جىنسلىرىنىڭ ئوتسىمان ئېرىتمىسى.

لاۋازىمات — خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

لائەقەل — ھېچبولمىغاندا.

لاگقا — بولغا قويۇلغان توساق.

لېكسىكا — بىرەر تىلدا ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق سۆزلەر تەركىۋى؛ بىرەر تىلنىڭ لوغەت بايلىقى.

لېكسىكولوگىيە — بىرەر تىلنىڭ لېكسىكىسى ئەمەلىيەتتە شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى بولۇپ، تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇشۇ تەركىپنى (لېكسىكىسىنى) ئۆگىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان قىسمى — لېكـ

سەككوۋاگىيە دېيىلىدۇ.

**لىباس** كىيىم- كېچەك؛ ئۈستىدىكى كىيىم.

**لىسان** تىل؛ ئىنسانلار تىلى.

**لىسانۇلتەيىر** قۇشلار تىلى.

**لىبىرالىزىم** بىپەرۋالىق بىلەن قاراش؛ مۇرەسسەچىلىك؛ كەچۈرگۈچىلىك قىلىش؛ رەھىمدىللىق بىلەن يان بېسىش.

**لىفت** كوپ قەۋەتلىك بىنالاردا يۇقۇرىغا چىقىش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشتە پايدىلىنىلىدىغان، ئېلېكتىر كۈچى بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ئۈسكۈنە.

**لىمتاق** رەتلىك يېغىلغان ئورۇن- كورپە؛ ئورۇن-كورپىلەرنى يىغىپ قويىدىغان جاي.

**لىمو** لىمون.

**لىچەك** ياشانغان مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ چاچلىرىنى باشقىلارغا كورسەتمەي نامەھرەمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باشقا كىيىۋالىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى كەيمە ياغلىق.

**لىرا** ئىتالىيە ۋە تۈركىيىلەرنىڭ پۇل بىرلىگى؛ تەڭگە پۇل.

**لىرىكا** پوئېزىيە (شېئىرى ئىجادىيەت) دە شائىرنىڭ ھېس- تۇيغۇلىرىنى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر تۈرى.

**لىرىك** ھېس- تۇيغۇلارنى ۋە كەچۈرمىشلەرنى ئىپادىلىگۈچى، يېقىملىق لىرىكىلىق شېئىرلارنى ياز-



غۇچى شائىر.

**لوگىكا** توغرا تەپەككۇر قىلىش، توغرا پىكىر قىلىش قانۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى توغرىسىدىكى ئىلىم.

**لوقما** ئېغىزغا بىر قېتىمدىلا سىغىدىغان يېمەك پارچىسى ياكى بىرەر سوز.

**لوڭقا** گۈل قاچىسى؛ دوختۇرخانىلاردا قان ياكى يەلنى شورىتىش ئۈچۈن بەدەنگە قويۇلىدىغان ئەينەك ياكى ساپال قاچا؛ مىللى تىبابەتچىلىكتە خەشەك دېيىلىدۇ.

**لۇتىف** مەرھەمەت؛ رەھىمدىللىق؛ رەھىم -شەپقەت.

**لۇھوب** مىۋە سۈيى.

**لۇئاب** ئېغىز سۈيى (تۈكرۈك).

**لولى (لوله)** قۇلۇلىنىڭ چوڭى.

**لوكىدان** دەرۋازا تاقايدىغان تاقاق.

**لەئىل** قىزىل رەڭلىك ئېسىل تاش؛ ياقۇت (شائىرلار بۇنى قىزىل لەۋگە ئوخشىتىدۇ).

**لەئەل گۈن** قىزىل ياقۇت.

**لەئلى يەمەن** يەمەندىن چىقىدىغان ياقۇت.

**لەرىز** تىترىمەك؛ سىلكىنىش.

**لەرزان** مەيىن؛ بىر تەكشى؛ ئاستا.

**لەتىف** مۇلايىملىق؛ نازۇكلۇق؛ گۈزەل.

**لەتىپە** قىزىق بىر ۋەقە توغرىلىق ئېيتىلغان كۈلكىلىك ھېكايە.

**لەۋز** ئاغزاكى سوز؛ ۋەدە.
**لەۋھۇل** مەھپۇز خاتەرىگە ئېلىنغان، ساقلانغان لەۋھە- تاختا.
**لەۋھە** ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە يارالمىش ھەققىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولغان ئىشلار ۋە بولىدىغانلار يېزىلغان تاختا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ تاختا — لەۋھە دېيىلىدۇ.
**لەۋھ** خەت يازىدىغان، كىتاب قويۇدىغان تاختاي.
**لەۋھ** ئۈستى كورۇنۇش.
**لەيل(لەيلى)** كېچە؛ تۈن.
**لەيلا** قاراڭغۇ كېچە؛ ئۇزۇن كېچە.
**لەزىز** تەملىك؛ مېزىلىك؛ شېرىن؛ تاتلىق.
**لەك** توكۇر؛ ئاقساق.
**لەھەد(لەھەت)** گور.
**لەھزە** شۇ زامانلا؛ كوز يۇمۇپ - ئاچقىچىلا.
**لەقەب** (لەقەمۇ دېيىلىدۇ) كېيىن قويۇلغان ئىسىم.
**لەقۋا** پالەچ؛ كۈچ - مادارسىز.
**لەخشە** قىزدىل چوغ.
**لەخشەگىر** ئوتنى قىسقۇچ.
**لەمئە** شولا؛ كولەڭگە.



# م

**مائانى ئەھلى** ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر.
**مادда** (1) قول بىلەن تۇتقىلى، كوز بىلەن كورگىلى بولىدىغان نەرسىلەر؛ جىسىم. (2) يازما ماتېرىياللاردا تۈر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ماددا. (مەسىلەن: 1-ماددا:...دىگەندەك).
**مادار (ماجال)** كۈچ-قۇۋۋەت؛ ماغدىر؛ دەرمان.
**مادارا** مۇرەسسە؛ كېلىشتۈرمەك؛ سالا.
**مادام** ھەمىشە؛ دائىم.
**ماگما** يانار تاغ ئېتىلغان چاغدا چىقىدىغان ئوتسىمان سۇيۇق ماددا.
**ماگالكا** گور؛ قەۋرە؛ مازار؛قەۋرىستانلىق.
**مالائىك(مەلەك)** پەرىشتە.
**مالال(مەلۇل)** غەمكىن؛ قايغۇلۇق؛ خاپا؛ رەنجىمەك.
**مالالەت(مەلالەت)** كوڭۇلسىزلىك؛ زېرىكىش؛ پەرىشانلىق؛ مالاللىق.
**مالاھەت(مەلاھەت)** چىرايلىق؛ گۈزەللىك؛ يېقىملىق.
**مالىك** ئىگە؛ ئىگە بولماق؛ ئېرىشكۈچى.
**مالىكى** ئىسلامىيەتتە سۈننەت ئەھلى دەپ ئاتىلىدىغان توت مەزھەپتىن بىرى.
**مالىكۇلا** زەررىچە.

مالامەت تەنە؛ قارىلاش؛ ئەيىپلەش؛ دوق؛ كايىش؛ يامانلاش.

مانان تۇمان؛ تۇتەك.

مانجا قىلدۇرۇلغان ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق؛ سىمكار.

مانجىت كېيىم يېڭىنىڭ ئۇچىدىكى بوغۇمى.

مانى توسالغۇ.

مانەند ئوخشاش.

مانەندىس ئوخشىشى؛ تەڭدىشى.

ماغىپا دۇنيادىكى نەرسىلەر.

مارس قەدىمقى رىم ئەپسانىلىرىدا ئۇرۇش خۇداسى؛
قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىنلىقىجەھەتتە 4-ئورۇندا تۇرىدىغان سەييارە.

ماركا بەلگە؛ نام.

ماس باپ؛ لايىق؛ ئۇيغۇن.

ماسكا نىقاپ (1) كېسەل مىكروپلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېغىز-بۇرۇنغا تارتىۋالىدىغان ئاق لاتا.
(2) ئۆزىنى تونۇتماسلىق ئۈچۈن يۈزگە تارتىۋالىدىغان رەخت.

ماسىۋا سۈرەت؛ رەسىم.

ماساپ جەڭ؛ ئۇرۇش.

مات شاخمات ئويۇنىدىكى مەغلۇبىيەت؛ يېڭىلىش.



ماتراس ئىچىگە سامان ياكى باشقا نەرسىلەر تولدۇرۇلغان، كارۋاتقا سېلىنىدىغان قېلىن چوشەك.

ماتېرىيال ئەشيا؛ رەخت؛ تەپسىلى يازما ياكى باسما.

ماتېرىيە ماددا؛ جىسىم.

ماتېرىك يەر شارىدىكى ھەممە تەرىپى دېڭىز ۋە ئوكيانلار بىلەن ئورالغان ئەڭ زور قۇرۇقلۇق.

ماتېماتىكا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ فورمىلىرى ۋە مىقدارى مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىتىدىغان ھېساپلاش ھەققىدىكى پەن.

ماتېماتىك ماتېماتىكا ئالىمى؛ ماتېماتىكىنى بىلگۈچى، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

ماۋزۇلى قەۋرە.

ماۋى كوك؛ زەڭگەر.

ماۋجۇد(مەۋجۇت) بار بولغان؛ تەييار بولغان؛ نەق بار.

ماشخور ئىسسىغى ئېشىپ كەتكەن كىشىگە ئىچكۈزۈش ئۈچۈن گۈرۈچ، ماش، گوش، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان سۇيۇق تاماق.

ماياك كېمىلەرگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىغا ياكى ئارالغا ئورنىتىلغان، ئىچىدە يورۇقلۇقى بار سىگنال مۇنارىسى؛ مەشئەل.

مازلاشماق (مازــكوناپاختا) كوچىمە مەنىسىــقىلمىغى سەتلەشمەك؛ سەت قىلىق قىلماق.

مازۇت نېفىتتىن كېروسىن، بېنزىن ۋە گازولىنىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن قالغان نېفىت قالدۇقى.

ماھ — ئاي؛ قەمەر.

ماھى سىما — ئاي سۈرەتلىك.

ماھى سەپەر — ئىسلام دىنى يىلنامىسى بويىچە 2-ئاي.

ماھى ئەنۋەر — (ئەنۋەر—نۇر) ئاي نۇرى.

ماھى بەدەر — تولۇن ئاي.

ماھىنۇر — ئاي نۇرى.

ماھى تاب — ئاي يورۇقى؛ ئاي نۇرى.

ماھى تابان — ئاينىڭ گۈزەل (مەھبۇب)لىرى.

ماھۋەش — ئاي يۈزلۈك؛ ئاي جامال.

ماڭغال — ئىچىگە ئوت-ئون چوغى ياكى كومۇر چوغى سېلىنىپ، قىش كۈنلىرى ئىسسىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاپ.

ماھىران — (دورا ئىسمى).

مىدىتسىنا — ئىنسانلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋاستىلىرى ھەم ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى پەن.

مېموراندۇم — خەلقارا مۇناسىۋەتلەردە بىرەر ھوكۇمەتنىڭ دىپلوماتىك يول بىلەن مۇھاكىمە قىلىنىشى لازىم بولغان مەسىلىلەر يۈزىسىدىن ئۆز نۇقتىنەزىرىنى بايان قىلىپ يازغان ئەسلەتمە مەكتۇبى. مېموراندۇم كوپىنچە نوتىغا ئىلاۋە قىلىنىپ، نوتىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ئاساسلاپ بېرىلىدۇ.

مېنېرال — يەر قاتلىمى تەركىۋىدىكى قاتتىق ياكى سۇيۇق



خىمىيىۋى بىرىكمە.

مېنېراللوگىيە — مېنېراللار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۈزۈلۈشى، تەركىۋى ۋە ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدىكى پەن.

مېرىدىئان — خەرىتىدە يەر شارىنىڭ قۇتۇپلىرىدىنى بېسىپ ئوتىدىغان ۋە ئېكۋاتورنى تىك كېسىپ ئوتىدىغان سىزىق

مېرئات — ئەينەك.

مېركورى — قەدىمقى رىم ئەپسانىلىرىدىكى پاساھەت، تىجارەت ۋە سەپەر خۇداسى؛ قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا ئەڭ يېقىن بولغان، سەييارىلار ئىچىدىكى كىچىك سەييارە.

مېرىنوس — يۇڭىنىڭ تالاسى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە يۇمشاق بولىدىغان قوي.

مېتال — مەدەن

مېتافىزىكا — ماركسچە-لېنىنچە پەلسەپىدە دىئالېكتىكىغا قارىمۇ-قارشى بولغان، ئىلىمغا زىت تەپەككۇر ئۇسۇلى؛ مېتافىزىكا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر-بىرىگە باغلىق بولغان ھالدا تەكشۈرمەستىن، بىر-بىرىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ۋە ئايرىم-ئايرىم ھالدا، تۇرغۇن ۋە ئۆزگەرمەس ھالدا ئېلىپ تەكشۈرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قارىمۇ-قارشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. مېتافى-

زىكا ــ كونسېرۋاتىپ ۋە ئەكسىيەتچى ئىدېولو- گىيىنى ئاساسلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مېتورىت ئاسمان سەييارىلىرىدىن چۈشىدىغان مەدەن ياكى تاش.

مېتىس جىنىسلىرى باشقا ــ باشقا ئىككى ھايۋاندىن تۇ- غۇلغان شالغۇت ھايۋان.

مېتود ئۇسۇل؛ تېخنىك.

مېتىر ئۇزۇنلۇق ئولچەم بىرلىكلىرىدىن بولۇپ، بىر مېتىر 100 سانتىمېتىرغا تەڭ.

مېتودىست مېتودىكا مۇتەخەسسىسى.

مېترىكا تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى.

مېترولوگىيە ئاتموسفېرا ۋە ئۇنىڭدا بولىدىغان ھادىسە، ئۆزگىرىشلەر (تېمپېراتۇرا، ھاۋا بېسىمى، نەم- لىك، يامغۇر ــ يېشىن، شامال ۋە شۇنىڭغا ئوخ- شاشلار) ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن ياكى شۇ خىل پەن بىلەن شۇغۇللىنىدى- غان ئورگان.

مېھىر قۇياش؛ نۇر؛ ئىللىقلىق.

مېھراپ مەسجىددە ئىمام تۇرىدىغان ئورۇن؛ سەجدە قىلىنىدىغان جاي.

مېھرى گىيا كەم تېپىلىدىغان، ئومۇرنى ئۇزارتىدىغان قىممەت- باھا گىيا.

مېھرى رەخشان قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى.

مىجىز (مەجەز) ئالى؛ مۇھتەرەم؛ شەرەپ ئىگىسى؛ ئۇلۇغ.



مىكائىل ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە مەخلۇقاتنىڭ رىسقىغا مەسئۇل بولغۇچى پەرىشتە.

مىكروپ كىچىك ئورگانىزىم.

مىل سائەتنىڭ چوڭ، كىچىك يىڭنىسى.

مىلادىيە ئەسلىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ يىل ھېساۋى بولۇپ، ھازىر كوپلىگەن دولەتلەردە ئورتاق قوللىنىلىۋاتىدۇ.

مىلىتارىزىم كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە مەجبۇرى قو- راللىنىش ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشقا تەييار- لىنىش سىياسىتى.

مىلىتارىست مىلىتارىزىم تەرەپدارى؛ مىلىتارىزىم سىياسى- تىنى يولغا قويغۇچى ياكى ئىجرا قىلغۇچى.

مىلىچ مال يىپ ــ يىڭنە؛ تاغاق ــ سۆزگە؛ تۈگمە قاتارلىق ئۇششاق ــ چۈششەك ماللار.

مىمار (مىئمار) بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇستىسى؛ بىناكار.

مىمارلىق بىناكارلىق سەنئىتى؛ قۇرۇلۇش ھۈنىرى.

مىداد سىيا؛ قارا رەڭ.

مېدال خاتىرە ياكى مۇكاپات ئىنئامى.

مىئات (مىئاد) ۋەدە ۋاقتى؛ بىر ئىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن توخ- تام.

مىراب كونا جەمئىيەتتە بىرەر يۇرتنىڭ سۇ ئىشلى- رىنى باشقۇرغۇچى؛ سۇ ئەمەلدارى (كوكۋېشى دەپمۇ ئاتىلاتتى).

مىرزا ئەسلى مەنىسى ــ كاتىپ؛ كىشى ئىسمىلىرىنىڭ

ئاخىرىدا كېلىپ شاھزادە دېگەن مەنىسى، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئەپەندى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىسال   نەمۇنە؛ ئۆرنەك.

مىسكىن   مۇھتاجلىق؛ غېرىپلىق؛ بىچارىلىق.

مىسىل   (1) ئوخشاشلىق، (2) ئوخشاش ئىنچىكە يىرپۇرماقلىق يىمكەن.

مىسسىئونېر   بۇرژۇئا مەملىكەتلىرىدىكى دىنىي ھۆكۈمران تەشكىلات، چېركاۋ تەرىپىدىن باشقا دىندىكى خەلقلەر ئارىسىدا دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىرەر مۇستەملىكە ياكى بېقىندى مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىلگەن كىشى.

مىسقال   ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر جىڭنىڭ يۈزدىن بىرى.

مىسمار   مىخ

مىسۋاك   ئۈچى يانچىلىپ چوتكا ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە چىش تازىلاش ۋاقتىدا قوللىنىلىشى مۇسۇلمانلىقتا سۈننەت بولغان بىر خىل ياغاچ؛ كۆپرەك چۈچۈك (سېرىق) بويا ياغىچى ئىشلىتىلىدۇ.

مىشياك   زەھەرلىك خىمىيەۋى ئېلېمېنت.

مېيىت   جەسەت؛ مۇردا؛ ئۆلگەن ئادەم.

مىزان   تارازا؛ ئۆلچەم؛ شەمسىيە 7– ئاي، قەمەرىيە 9– ئاي.



مىزاپ   يامغۇر سۈيىنىڭ ئېقىپ چۈشۈشى ئۈچۈن ئۆگزىگە ئورنىتىلغان نو.

مىزاجى   مىجەزى.

مىزراق   ئۇزۇن ساپقا ئۇچلۇق تىغ ئورنىتىلغان قەدىمقى زامان جەڭ قورالى.

مىقياس   نىسبەت؛ دەرىجە؛ دائىرە.

مودا   مەلۇم بىر دەۋردە مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ئومۇملاشقان ئادىتى (كىيىنىش، مۇئامىلە ۋە باشقا جەھەتلەردە).

مودېل   بىرەر نەرسىنىڭ ئەينەن ئۆزىچە كىچىكلىتىپ ياكى چوڭلىتىپ ياسالغان نۇسخىسى، ئۆلگىسى.

مومىيا   سېسىماسلىق ئۈچۈن ئۇستىگە دورا سېپىلگەن جەسەت.

مومتالاق   ئىملداش؛ قانداشلىق؛ نىكاراۋا بولماسلىق.

مومېنت   مەزگىل؛ پەيت.

موپاك   ئۇلاق كۈچى بىلەن ئۇن ياكى ماي تارتىدىغان ئورۇن.

مورال   ئەخلاق؛ پەزىلەت.

مورفىن   كوكناردىن ياسالغان ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا

مورفولوگىيە   گىراممانىكىنىڭ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۆزگىرىشى ۋە سۆز ياساش ھەققىدىكى قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلۈمى.

مونولوگ   دراممىدىكى ئەرتىسنىڭ ئۆزىگە ياكى ئاممىغا ئېيتقان سۆزى.

مويسەفىد (مويسپىت) (سەفىد — ئاق) ئاقساقال؛ ياشقا چوڭ.

موي تۈك؛ قىل؛ يۇڭ.

مويە ئاھ ـ زار؛ يىغا ـ زارە؛ نالە ـ پەريات.

موكەررەر تەكرار ـ تەكرار؛ قايتا ـ قايتا؛ يېنىپ ـ يېنىپ.

موئتەد (موھتەد) ئادەتلەنگەن؛ كونۇككەن.

موتىۋەر پەخرى؛ ھورمەت؛ ئۇلۇغ؛ ئابرويلۇق؛ ئىشەنچلىك.

موقەييەد چېتىلغان؛ كىشەنلەنگەن؛ باغلانغان.

موقتەزىپ دەرھال توقۇش؛ ئېغىزغا ئەپلىشىپ كېلىش؛ راۋان.

موسەخخەر بويسۇندۇرۇش؛ قولغا كىرگۈزمەك.

موغبەچچە مەي توشۇيدىغان بالا؛ ئاتەشپەرەسنىڭ بالىسى.

موغتەنەم غەنىمەت.

موھىق راستىچى؛ توغرا قىلغۇچى.

موشەقەرى چولپان.

موللا دىنىي ئەدىپ.

موژغان ئوق.

موسەللا جايى ناماز (جەينىماز).

مۇبالىغە ئەسلى ھالىتىدىن كوپتۇرۇپ چوڭايتىماق ياكى كىچىكلىتىپ كورسەتمەك.

مۇبارەك قۇتلۇق؛ ھورمەتكە سازاۋەر.

مۇباھات پەخىرلەنمەك؛ ماختىنىش؛ خوشاللىنىش.

مۇبھەم بەلگىسىز؛ نامەلۇم.



مۇداخىلە قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماق.

مۇداپىە بىراۋنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تەييارتۇرماق؛ ئالدىنى ئالماق؛ تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىماق.

مۇدەررىس دەرس ئوتكۇچى؛ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

مۇددەئى دەۋاگەر.

مۇدھىش قورقۇنۇشلۇق؛ دەھشەتلىك.

مۇدەۋۋەر يۇمىلاق (كوز).

مۇخالىپ (مەقابىل) خىلاپ؛ قارشى كەلگەن؛ زىت.

مۇخالىپ مىزاج تەتۈر تەبىەتلىك.

مۇخ نەم يەرلەردە ياغاچقا ياكى تاش ئۇستىگە ئوسىدىغان يىلتىزسىز يېشىل گىيا.

مۇخلىس تەرەپدارلىق قىلغۇچى؛ ئېتىقات قىلغان؛ ئىخلاس؛ ئەگەشكۇچى.

مۇختەسىپ تەپتىش قىلغۇچى؛ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۇرگۇچى؛ بازاردا ئىشلىتىلىۋاتقان تارازا، باھا قاتارلىقلارنى نازارەت قىلغۇچى.

مۇختەسەر ئىخچاملاشتۇرۇلغان؛ قىسقاراق.

مۇختار ئوز ئەركى بىلەن ئىش قىلغۇچى؛ ئىختىيار قىلغان؛ تاللانغان.

مۇختارىيەت مىللەتلەرنىڭ ئوز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى.

مۇجىب سەۋەبچى؛ لازىم تۇتقۇچى.

مۇجەسسەم يىغىلغان؛ جەملەنگەن؛ گەۋدىلەنگەن.

مۇكەررەم ھۆرمەتلىنگۈچى.

مۇلتەفىت ئىلتىپات قىلغۇچى؛ قايرىلىپ قارىغۇچى.

مۇلاقات ئۇچراشماق؛ كۆرۈشمەك؛ بىللە بولماق.

مۇلتەمەس ئىلتىماس قىلىنغان؛ سوراش.

مۇلايىم يۇمشاق خۇيلۇق؛ يۇۋاش.

مۇلازىم بىر ئىشقا كىرمەك ئۈچۈن، دەسلەۋدە باشقا كۆتكۈچىلىك ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرغۇچى.

مۇلاھىزە ئوي-پىكىر؛ پىكىر يۈرگۈزمەك؛ ئىنچىكە چۈشەنمەك.

مۇناخ (ماناخ) خىرىستىيان دىنىدا، دۇنيادىن بېزىپ مۇناستىردا ياشاشقا ۋەدە بېرىپ كىرگەن چىركاۋ ئەزاسى.

مۇناستىر مۇناخلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت چىركاۋ تەشكىلاتى؛ شۇ جەمئىيەتكە تەئەللۇق ئوي-جاي ۋە چىركاۋ.

مۇناجات يېلىنىش؛ يالۋۇرۇش؛ گۇناھىنى كەچۈرۈش سوراپ يالۋۇرماق.

مۇناپىق ئىككى يۈزلىمە؛ ساتقىن؛ لەنىتى.

مۇنادى جاكارچى؛ ئېلان قىلغۇچى؛ چاقىرغۇچى.

مۇنازىرە تالاش-تارتىش.

مۇنتەزىر ئىنتىزارلىق؛ كۈتۈش؛ ئۈمىت بىلەن ساقلىماق.

مۇنەججىم ئىلمىي نوجۇم بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ يۇلتۇزلارغا قارىغۇچى؛ ئاستىرونوم.

مۇنەۋۋەر پارلاق؛ يورۇق؛ نۇرلۇق، روشەن.



مۇنقەرىز يوقالماق؛ ھالاك بولماق؛ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلماق.

مۇنەققەش گۈل چېكىلگەن؛ بېزەلگەن؛ نەقىشلەنگەن.

مۇنەييى پۈتۈن ساقلانغان جەسەت.

مۇنھەرىپ ئېگىلگەن.

مۇنقەلىپ ئۆزگىرىشچان.

مۇپەسسەل تەپسىلى؛ كەڭ؛ ئۇزۇن؛ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا؛ ئەتراپلىق.

مۇپتى يەرلىك قازىلارنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلغۇچى؛ شەرىئەتكە ئاساسەن پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقارغۇچى؛ مەسىلىلەرگە يول تېپىپ بەرگۈچى.

مۇپتىلا دۇچار بولماق؛ گىرىپتار بولماق.

مۇپەتتىش بىرەر ئىشنىڭ ئۆز يولىدا كېتىۋاتقان ياكى كەتمەيۋاتقانلىقىنى تەتقىق قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى.

مۇپاسسىل بوغۇملار.

مۇفلىس كەمبەغەل؛ يوقسۇل.

مۇراد (مۇرات) ئىستەك؛ مەقسەت؛ ئارزۇ قىلىنغان نەرسە.

مۇرىد (مۇرىت) ئىزدىگۈچى؛ ئەگەشكۈچى؛ بىرەر شەيخكە ئەگەشكۈچى؛ ئىشانغا قول بەرگۈچى؛ شاگىرت؛ داۋام ئەتكۈچى؛ ئوقۇغۇچى.

مۇرۇۋۋەت مەرتلىك؛ ياخشىلىقنى سۆيگۈچى؛ مەرھەمەتلىك، ئالىيجاناپلىق.

مۇرشىد (مۇرشىت) توغرا يول كۆرسەتكۈچى (بۇ سۆز — قەدىمدىن دىنىي تەرىقەت شەيخلىرىگە قوللىنىلاتتى).

مۇرەببا شېكەرقوشۇپ قاينىتىلغان مېۋە.
مۇرەببى تەربىيىلىگۈچى؛ ئۇستۇرگۈچى؛ غەمخور.
مۇرەتتەپ تەرتىپلىك؛ رەتلىك.
مۇرەسسە سۇلھى؛ كېلىشتۈرمەك؛ مادارا.
مۇرغ قۇش: ئۇچارقانات.
مۇرچە چۇمۇلە.
مۇرتەد خائىن؛ ئاسى؛ يولدىن ئازغان.
مۇردار ئىپلاس؛ بۇلغانغان؛ هارام.
مۇغەززار قۇشلار ياشىغۇچى ماكان.
مۇغ مەيخانىچى؛ بۇتپەرەس؛ ئوتقا چوقۇنغۇچى.
مۇغەمبەر خۇپسەن؛ بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالغۇچى.
مۇغەننى سازەندە؛ چالغۇچى.
مۇسابىقە ئالدىنى تالاشماق؛ بەسلەشمەك؛ رىقابەتلەشمەك.
مۇسائىد ياردەم بەرگۈچى؛ ياردەمچى؛ رۇخسەت قىلغۇچى؛
ئوڭاي پەيت.
مۇستەمەند قايغۇلۇق.
مۇستاپا مۇهەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى؛ ئىلغانغان؛
تاللانغان.
مۇساھىت سوھبەتداش؛ مۇڭداشقۇچى.
مۇسەھھەپ سەھىپە.
مۇسىقى مۇزىكا؛ ساز؛ چالغۇ.
مۇسلىھى ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچى.
مۇستەقىم تۈپ-تۈز؛ توغرا يولغا باشلىماق (تۈزەتمەك).
مۇسەۋۋىر تەسۋىرلىگۈچى؛ رەسسام.



مۇسەخخەر بېيسىرلەنگەن؛ تارتىلغان؛ جەلىپ قىلىنغان.
(مۇسەھھەر)
مۇساۋىيات
تەرەپپىيىن ئىككى تەرەپنى ئوخشاش.
مۇسىبەت ماتەم؛ هازىدار؛ قارىلىق.
مۇسسۇن قىشتا دېڭىزغا قاراپ، يازدا بولسا قۇرۇقلۇققا قاراپ
سوقىدىغان شامال.
مۇسەپپا پاك؛ ساپ؛ تاپ-تازا.
مۇستەبىت زالىملىق؛ زومىگەرلىك؛ شەخسى خاهىشى بويىچە
ئىش كۆرگۈچى.
مۇستەسنا باشقىلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان؛ خالى؛ سىرتىدا.
مۇستەهزاد (1)ئادەتتىن تاشقىرى؛ تەۋۋۇرنىش.(2)يالغۇز سىراش.
(3)كەمسىتىلىش. (4)شېئىر شەكىللىرىدىن بىرى.
مۇسەللەس ئۈزۈمدىن ياسالغان ئىچىملىك.
مۇسەللەم تەسلىم قىلىنغان؛ تاپشۇرۇلغان؛ بويسۇندۇرۇلـ
غان.
مۇتالىئە پىكىر يۈرگۈزمەك، بىرنەرسىنى ئىنچىكىلەپ بىلمۇئالماق.
مۇتىۋەللى مەسجىد، مەدرىسەلەرنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىغا
مەسئۇل كىشى؛ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى.
مۇتەخەسسىس بىرەر كەسىپتە ياكى ئىلىمدە مەخسۇسلاشقان.
مۇتەئەسسىپ مەسىرەت چەككۈچى؛ كونىلىق تەرەپدارى؛
كونىلىقنى ياقلىغۇچى؛ كونا ئەقىدەۋە كونا
نەرسىلەرگە بېرىلىپ ئىشلىگۈچى؛ كالتە پىكىرلىك.
مۇتەللەپ تەلەپ قىلغۇچى.

مۇتەررا پاكىزلانغان، ئۇچى بورمىلانغان چاچ.

مۇترىپ سازچى؛ سازەندە (ئەرەپچە)

مۇچە بولەك؛ جۈملىدىكى تەڭداش بولەك.

مۇۋەپپەق ئېرىشمەك؛ ئاسانچىلىق؛ ئىگە بولماق؛ يېتىشمەك.

مۇۋەققەت مەسئۇل كىشى ئورنىدا ۋاقىتلىق ئىش باشقۇرغۇچى؛ ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى.

مۇۋەششە شېئىردا پىكىرنى يوشۇرۇن بېرىش؛ ھەرپ قوراشتۇرۇپ ئۇقۇم چىقىرىش.

مۇۋازىنەت تەڭپۇڭلۇق؛ باراۋەرلىك.

مۇيەسسەر ئىگە بولماق؛ ئېرىشمەك؛ يېتىشمەك.

مۇشائىرە بىرقانچە شائىرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ شېئىر يېزىشى؛ تەخلىت شېئىر.

مۇشايىخ شەيخلەر؛ مۇرشىتلەر.

مۇشاھىد شاھىد؛ قاراپ تۇرغۇچى؛ كۆزەتكۈچى؛ گۇۋالىق بەرگۈچى.

مۇشپىق شەپقەتلىك؛ مەرھەمەتلىك؛ مېھرىۋان.

مۇشتاق ئىنتىزارلىق؛ قىزىققۇچى؛ كۆرگىسى كېلىش؛ ياخشى كۆرگۈچى.



مۇشتەرى (مۇشتىرى) (1) خېرىدار؛ سېتىۋالغۇچى؛ مەتبۇئات خېرىدارى، (2) يۇپىتېر يۇلتۇزىنىڭ ئەرەپچە ئاتىلىشى.

مۇشرىك شېرىك؛ بىر نەرسىگە يەنە بىر نەرسە ياكى بىر ئىشقا يەنە بىر ئىشنى ياندىشقۇچى.

مۇشتەرىك ئورتاقلىق؛ شېرىكلىك.

مۇشكى ئەنبەر خۇشپۇراق؛ خۇشبۇي نەرسە.

مۇمتاز تاللانغان؛ كۆزگە يېقىن؛ ئىلغانغان.

مۇزا قەدىمقى يۇنان ئەپسانىلىرىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئىلىم-پەن مەبۇدىسى (ئىلاھى، خۇداسى).

مۇزەپپەر غەلىبە قىلغۇچى؛ ئۈستۈنلۈك قازانغۇچى.

مۇزتەر بولماق ئىختىيارسىزلىق؛ ئىلاجسىزلىق؛ نېمە قىلارىنى بىلمەسلىك.

مۇزمەر يوشۇرۇپ قويۇلغان؛ تىقىپ قويۇلغان؛ بېكىتىلگەن.

مۇزەللەت خارلىق.

مۇزەھىپ ئاتلانغان؛ دەرھال قىلغان.

مۇزەررەتلىك زىيانكەشلىك قىلغۇچى.

مۇھاجىر ئۆز يۇرتىدىن (ۋەتىنىدىن) ئايرىلىپ، باشقا دۆلەتتە يۈرگۈچى؛ مۇساپىر.

مۇھتەرەم   ھۆرمەتلىك.
مۇھەممەت   ماختالغان؛ تەرىپلەنگەن.
مۇھەندىس   ئىنژېنېر.
مۇھەررىر   تەھرىرلىگۈچى؛ خەت يازغۇچى؛ يېزىلغان خەتنى چىرايلىق قىلىپ لايىقلاشتۇرغۇچى؛ مەنىسىنى راۋانلاشتۇرغۇچى.
مۇھەررەم   ئەرەبى ئاينىڭ بىرىنچىسى.
مۇھەييا   تەييارلانغان.
مۇھەققەت   چوقۇم؛ مۇتلەق؛ ئەلۋەتتە.
مۇھىبلار   يېقىن ئادەملىرى؛ يۇلداشلىرى.
مۇھلىك   ھالاك قىلغۇچى؛ ئۆلتۈرگۈچى.
مۇقبۇل   ئىستىقباللىق؛ مەسئۇد.
مۇقىم   تۇرغۇن؛ تۇراقلىق.
مۇقەددىمە   ئەسەرنىڭ سۆز بېشى؛ كىرىش سۆزى.
مۇقەۋۋەس   ئوقياغا ئوخشىتىلغان؛ ئەگىلگەن.
مۇقەددەس   مۇبارەك؛ پاك؛ ئۇلۇغ.
مۇقەتتەت   قىتئەلەر؛ پارچىلار.
مۇئەللىپ   ئاپتور؛ كىتاپ، ئەسەر، ماقالا يازغۇچى.
مۇئەللەق   بوشلۇقتا تۇرغان؛ ئىرگى ۋە ئېسىپ قويغان يېرى يوق.
مۇئەررىخ   تارىخشۇناس؛ تارىخ ئالىمى.
مۇئەممما   تېپىشماق؛ شېئرىي يول بىلەن يېزىلغان تېپىشماق.
مۇئەسسە   تەشكىلات؛ ئورگان؛ ئىمارەت ئۇچۇن ھول قويغۇچى.
مۇئەتتەر   خۇشپۇراق ماتېرىياللاردىن تەركىپ ئىشلەنگەن



قېتىشما؛ خۇشپۇراق ماتېرىيال؛ كوۋۇل ئېچىش.
مۇئەييەن   بەلگىلەنگەن؛ تەئىنلەنگەن؛ ئېنىق.
مۇئەززەم   ئۇلۇغ؛ كاتتا؛ چوڭ.
مۇلك   مەملىكەت.
مۇژدە (مەژدە)   خۇشخەۋەر.
مەبدەئى-مەئاد   ئاۋال-ئاخىر.
مەبلەغ   ئىقتىسات؛ پۇل؛ پۇل مىقدارى.
مەئبۇد   ئىبادەت قىلىنغۇچى (مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئاللا، باشقا دىندىكىلەرگە قارىتا بۇت).
مەئىشەت   باشاش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش يولى؛ تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەر.
مەئمۇر   ئاۋات؛ باياشات؛ گۈللەنگەن.
مەئرۇز   كورسىتىش ئورنى؛ ئەرز قىلىدىغان جاي.
مەئازەللاھ   خۇدا ساقلىسۇن (ئەرەبچە).
مەدداھ   ماختىغۇچى؛ مەدھىيىلىگۈچى.
مەددە   ئادەم ئۇچەيلىرىدە بولىدىغان پارازىت قۇرۇت
مەددىنار   ياللىنىپ كۈنلۈك ئىشلىگۈچى.
مەدرىس   بىلىم ئېلىش ئورنى؛ دىنىي ئالى مەكتەپ.
مەدھ   بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلىمەك؛ ماختىماق
مەدھىيە   ماختاش سۆزى.
مەخلۇق (مەخلۇقات)   ئادىمزات؛ مەۋجۇدات؛ جانلىقلار.
مەخمۇر   مەست ۋە لانغان؛ ئىچكەن.

مەخبۇل (مەقبۇل، مەغبۇل) ئەس قىلغىلى بولىدىغان؛ قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان؛ قوبۇل بولماق.

مەجنۇن ئەقلىنى يوقاتقان؛ ئاشىق؛ تەلۋە؛ جۇنۇن.

مەجال قۇۋۋەت؛ كۈچ.

مەجروھ ياريدار؛ يارىلانغان.

مەجۇن شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ مەلھەم قىلىنغان مەلھەم دورا.

مەجمۇئى (مەجمۇئە) جەملەنگەن؛ توپلانغان؛ يىغىلغان؛ ھەممىسى؛ جەمئىسى.

مەجۇسى مەجۇسى دىنى؛ ئاتەشپەرەس؛ ئوتقا ئېتىقاد قىلغۇچى

مەجھۇل ئېنىق بولمىغان؛ بىلىنمەيدىغان؛ نۇتۇق.

مەككار ھىيلىگەر؛ ئالدامچى؛ قۇۋلۇق ئىشلەتكۈچى.

مەكرۇ ھالال بىلەن ھارام ئارىسىدىكى؛ دىن مەنئى قىلغان؛ ئىستېمال قىلىنىشى مەنئى قىلىنغان نەرسە.

مەكنۇن يوشۇرۇنغان؛ يوشۇرۇن.

مەگەس چىۋىن.

مەلىكە ئايال پادىشاھ؛ پادىشاھنىڭ قىزى.

مەلئۇن ئىبلىس؛ شەيتان؛ لەنەتكە دۇچار؛ قوغلاندى قىلىنغان.

مەلۇل رەنجىمەك؛ خاپا بولماق؛ خاپا.

مەلھەم مايلىق قويۇق دورا.

مەلقا ئاي سۈپەت.



مەمەدان مەنمەنلىك قىلغۇچى؛ چوڭچى؛ گەپدان.

مەمۇر بىر ئىشنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن تەئىنلەنگەن ئادەم.

مەمۇرچىلىك توقچىلىق، مولچىلىق؛ باياشاتلىق.

مەمنۇن بېتەرلىك؛ قانائەتلىنەرلىك؛ خۇش بولۇش.

مەمدۇد (مەدىد) سوزۇلغان؛ سوزماق.

مەنئى چەكلىمە؛ رۇخسەت قىلىنماسلىق؛ يول قويۇلماسلىق.

مەنبىي ۋە ئاكسىيە كېيەلنى ئېنقلاش جەريانىدىكى سىناق ۋە تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسىنى كورسىتىدىغان ئۇسۇل.

مەنسەردە ئەركىن؛ تېز.

مەنسۇر غالىپ؛ مۇزەپپەر.

مەنتىق نۇتۇق؛ لوگىكا.

مەنازىل (مەنزىل) تۇرار جايلار؛ بارىدىغان يەر؛ چۈشۈدىغان ئورۇن؛ قونالغۇ.

مەنقۇلات ئۇسكۇنە؛ جاھاز؛ مۈلۈك.

مەنشۇر نەشىر قىلىنغان؛ ئېلان قىلىنغان؛ يېيىلغان؛ تارقالغان؛ دولەت پەرمانى.

مەپتۇن مەھلىيا؛ مۇپتىلا؛ ئاشىق بولماق؛ بېرىلمەك.

مەفھۇم يېپىق مەزمۇن؛ چۈشىنىلگەن مەنا؛ بىلىنگەن.

مەۋھۇم ئابىستىراكىت؛ كوز بىلەن كورگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان؛ ئوبرازسىز.

مەۋج سۇ دولقۇنى؛ دولقۇنلانماق.

مەۋجۇدات تىرىكلىك؛ بارلىق.

مەۋلۇد(مەۋلۇت) تۇغۇلغان جاي، ئورۇن ۋە ۋاقىت، مۇھەممەت پەيغەمبەر تۇغۇلغان كېچە (بۇكۈن، قەمەرىيە ئايلىرىدىن رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ)؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا بېغىشلانغان شېئىرى ئەسەر.

مەۋلىۋى مەۋجۇدىيەتكە كوڭۇلسىز بولۇپ، دىلى ئىبادەتكە باغلانغان زاھىدكىشى (مەۋلانا جالالىدىن رۇمىغا مۇناسىۋەتلىك تەرىقەت ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ).

مەۋزۇن ئۆلچەنگەن؛ تارتىلغان؛ ئېغىرلىقى ئېنىقلانغان نەرسە.

مەۋسۇپى ماختالغان؛ سۈپەتى بار؛ داڭلىق.

مەراھىل مەنزىل.

مەرى (مەرىيە) قوزىنىڭ گۆللۈك (بۇدۇر) تېرىسى.

مەرىپەت ئىلىم؛ بىلىم؛ ھۈنەر؛ ماھارەت.

مەرىكە توي-توكۈن؛ توي؛ مېھماندارچىلىق.

مەرۇپ تەرىپلىنىدىغان؛ ھەممىگە تونۇشلۇق.

مەروزە كورۈپە ياكى پايانداز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تارھەم ئۇزۇن گىلەم.

مەرەز ئاناسىل ئەزادا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل؛ سىفلىس.

مەرھابا خوش كېلىپسىز؛ قارشى ئالىمىز.

مەرھۇم ئۆلگۈچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتىماق؛ ۋاپات بولغۇچى.



مەرھەم(مەلھەم) شىپالىق ئارىلاشما؛ ۋازىلىن؛ ياردا سۈركەيدىغان ماي.

مەرھون گوروگە قويۇلغان.

مەركەپ ئات؛ ئارغىماق؛ ئۇلاغ.

مەرگ ئۆلۈم.

مەرغۇپ ياخشى.

مەردۇم ئادەملەر.

مەردۇد رەت قىلىنغان؛ قايتۇرۇلغان؛ ماقۇل كېلىنمىگەن.

مەتلۇپ ئىستەك؛ ئارزۇ؛ تەلەپ قىلىنغان؛ كۈتۈلگەن.

مەزرەئ ئېتىزلىق؛ ئاشلىق تېرىلىدىغان يەرلەر.

مەزلۇم ئېزىلگۈچى؛ ئېزىلگەن؛ زۇلۇم چەككەن؛ جەبىرلەنگۈچى.

مەزمۇت پۇختا؛ پىششىق؛ ساغلام.

مەزۇر ئەپۇ قىلىنغان؛ كەچۈرۈلگەن؛ ئۆزرىلىك.

مەزھەپ يول؛ تەلىمات؛ مەسلەك ياكى بىرەر دىندىن بولۇنۇپ چىققان دىنىي تارماق.

مەزاھىپ يوللار.

مەزەررەت زەرەر؛ زىيان.

مەشۇت يىپەك، يىپەكتىن ئىشلەنگەن رەڭلىك يىپ.

مەشرىق شەرق؛ كۈن چىقىش تەرەپ.

مەشغۇف بەك ياخشى كۆرگۈچى؛ تەلۋە، ئاشىق؛ ئىشقى دانغان؛ بېرىلگەن؛ قىزىقىپ قالغان.

مەشۇق ئىشىق بىلەن سۆيگۈچى قىز.

**مەشۇقە** ئىشىق بىلەن سۆيۈلگەن قىز (ئوغۇلغا نىسبەتەن).

**مەشرەپ** ئىشقىلانغۇچى؛ ئاشىق.

**مەشھۇر** داڭلىق؛ ئاتاقلىق؛ شوھرەت قازانغان؛ ھەر كىشىگە تونۇلغان.

**مەشھەت** بىر ئادەمنىڭ شېھىت بولغان يېرى ياكى شېھىتلەر كۆمۈلگەن يەر.

**مەشئەل** ماياك؛ چىراق.

**مەششاتە** بېزىگۈچى؛ چاچ ئۆرگۈچى؛ قىزلارغا ئارام بەرگۈچى يەڭگە؛ پەدازچى.

**مەيىن** كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان ئىللىق شامال.

**مەيىپ(مەئيۇپ)** ياردار؛ يارىلانغان(پۇت ياكى قوللىرى ئىشتىن چىققان).

**مەيزاپ** ئۆزۈمدىن تەييارلانغان ئىچىملىك.

**مەيۇس** كۆڭۈل يېرىملىقى؛ ئۈمىتسىزلىك؛ روھى چۈشكۈن.

**مەيگون** مەي رەڭ؛ قىزىل رەڭ؛ گۈلرەڭ.

**مەغپىرەت** گۇناھىدىن ئۆتمەك؛ كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق؛ كەچۈرۈم.

**مەغرىپ** كۈن پېتىش تەرەپ؛ غەرپ.

**مەھبۇب** سۆيۈملۈك؛ مەشۇق؛ مەشۇقە.

**مەھبۇس** گۇناھكار؛ قاماقتىكى ئادەم.

**مەھبۇسخانا** زىندان؛ قاماقخانا؛ تۈرمە.

**مەھكۇم** ھوكۇم ئاستىغا ئېلىنغان؛ ھوكۇمنى ئۈستىگە ئالغۇچى.



**مەھمۇت** مەدھىيىلەنگەن؛ مەدھىيىگە لايىق؛ ياخشى كۆرۈلگۈچى.

**مەھسۇل (مەھسۇلات)** ۋۇجۇتقا كەلگەن؛ بارلىققا كەلگەن؛ ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەر.

**مەھرۇم** ئىستىگىنىگە ئېرىشەلمەسلىك؛ قولى ئۇچۇق قالماق؛ يوقاتماق.

**مەھرەم** ئۆردىدا خۇسۇسى خىزمەتچى؛ نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان كىشىلەر؛ ئۆز كىشى.

**مەھشەر** دىنىي ئېتىقات بويىچە قىيامەتتە ھەممە تىرىلگۈچىلەرنىڭ توپلىنىدىغان كۈنى؛ قىيامەت كۈنى؛ زامان ئاخىر.

**مەھشەرگاھ** قىيامەت كۈنى توپلىنىدىغان يەر.

**مەھزۇن** قايغۇلۇق؛ غەمكىن؛ دىلى جاراھەتلەنگەن.

**مەھەل** ۋاقىت؛ پەيت؛ زامان.

**مەھەييار** ئۇرۇنلاش؛ بېجىرىش.

**مەھفۇزە** ياد ئالغان؛ ئەستە ساقلىغان.

**مەھەد** بوشۇك.

**مەھۋەش** ئاي يۈزلۈك؛ ئايغا ئوخشاش يار(پارسچە).

**مەھۋ** يوق بولۇپ كېتىش؛ ئۆگەش؛ ئۆچۈرۈش؛ يوقىتىش.

**مەھسۇب** ھېساپلانغان؛ گۇمان قىلىنغان؛ تەخمىن قىلىنغان.

**مەھجۇر** جۇدا بولغان؛ ئايرىلغان؛ يىراقلاشقان.

**مەھۋىشان** ئاي يۈزلۈك.

مەھەد ئۇليا  پادىشانىڭ چوڭ خوتۇنلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

مەسىھا  ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى.

مەسىھ  ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى (كونا ئەدەبىياتتا «مەسىھ» سۆزى «ھايات بەرگۈچى» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

مەسنۇئ  كائىنات.

مەسكەن  تۇرار جاي؛ ئورۇن.

مەساھەت  يەر ئۆلچەش؛ كەڭلىكىنى ئۆلچەش.

مەسخ  سۈرەت ئۆزگەرمەش؛ بىر كۆرۈنۈشتىن ئىككىنچى كۆرۈنۈشكە ئۆتۈش؛ ئەسلىنى يوقىتىش.

مەستى لايەقىل  قاتتىق مەس؛ خۇدىنى بىلمەيدىغان مەس.

مەقسۇت  مەقسەت؛ تىلەك؛ نىيەت؛ ئارزۇ.

مەقبەرە  قەۋرە؛ گۈمبەز.

مەقام  ئورۇن؛ مەرتىۋە؛ دەرىجە؛ مەنزىل؛ مۇقام.

مۆجىزە  ھەيران قالارلىق نەرسىلەر؛ پەۋقۇلئاددە ئىشلار؛ يېڭىلىق.

مۇلايىم  يۇۋاش؛ مۇلايىم.

مۇرەت  پۇرسەت، پەيت.

مۆتىۋەر  ئىپتىخارلىق؛ ئابرۇيلۇق؛ ھۆرمەتكە لايىق.

مۇھلەت  بىرەر ئىشنىڭ قىلىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن چەكلىك مۇددەت.

مۇھۆر  تامغا.

موڭ  ئەقىلسىز؛ كالاسى ئىشلىمەيدىغان.



مۇشكىلات  قىيىن؛ مۇشكۈللۈك؛ تەسلىك.

## ن

نا  (پارس تىلىدا، يوقلۇق، تەتۈر مەنىلىك سۆز ياساش قوشۇمچىسى).

ناباپ  نامۇۋاپىق؛ نالايىق؛ باپ ئەمەس.

نابۇت  يوق بولماق؛ بۇزۇلماق؛ مەۋجۇت بولمىغان.

نادا (نىدا)  ئاۋاز؛ سادا؛ ئۈن؛ تاۋۇش.

نادامەت  پۇشايمان؛ ھەسرەت چېكىش.

نادان  ساۋاتسىزلىق؛ بىلمەسلىك؛ جاھالەتتە قالغان.

نادىر  ياخشى سۈپەتلىك؛ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان؛ تەڭداشسىز.

ناگاندا  ئانداسساندا؛ ئارىلاپ؛ دائىمىي ئەمەس.

ناگىھان (ناگاھ)  دەررۇ؛ شۇسائەتتە؛ قاچانلا بولمىسۇن.

ناخۇن  تىرناق.

ناخۇل  تەمبۇر چېلىشتا بارماققا كىيىۋالىدىغان پولات سىم.

ناخۇش  كۆڭۈلسىزلىك؛ كۆڭۈل غەشلىكى؛ خوش بولمىغان.

نائىل  مۇيەسسەر بولۇش؛ ئېرىشمەك؛ مەقسەتكە يەت-

مەك.

نائىب — ئورۇنباسار.

ناكار — (كار — ئىش) ئىشقا يارىمايدىغان؛ كارغا كەلمەيدىغان؛ يارامسىز.

ناكەس — پەسكەشلىك؛ پىششىقلىق؛ ئىنساپسىز.

نالە (نالىش) — پەرياد؛ زارلىماق؛ يالۋۇرماق؛ ئىڭرىماق.

نالان — يىغلىغۇ؛ يىغلىغۇچى.

نامايىش — كۆرسەتمەك؛ كۈچ، قابىلىيەت، ھۈنەر — سەنئەتنى كۆرسىتىش.

نامە — خەت؛ يېزىلغان نەرسىلەر.

نامەھرەم — يات؛ غەيرى؛ يېقىن ئەمەس؛ ئىشەنچسىز.

نامەبەر — خەت توشۇغۇچى.

نامۇ — نەڭگە
نەڭگۇ — نام — ئار — نومۇس.

نامەسمۇئ — ئاڭلانمىغان.

نانكور — قىلغان ياخشىلىققا يامانلىق قىلغۇچى؛ ياخشىلىقنى بىلمىگۈچى.

نار — ئوت؛ يالقۇن؛ گۈلخان.

نارەسىدە — بالاغەتكە يەتمىگەن؛ يېشىغا تولمىغان.

ناركوتىك — ھۇشسىزلاندۇرىدىغان ھەم ۋاقىتىنچە ئاغرىق سەزدۈرمەيدىغان مەس قىلغۇچى دورا.

ناركوز — ئاغرىق سەزمەيدىغان دەرىجىدە بىھوش قىلىش؛ سۈنئىي رەۋىشتە ئۇخلىتىش ياكى بىرەر ئەزانى ئاغرىق سەزمەيدىغان قىلىش.



نارتوگە — بىرلوكلىق ئىگىز بويلۇق توگە.

نارەنج — ئالمىنىڭ سېرىق رەڭلىك بىر تۈرى.

ناسىر — مەدەتكار؛ ياردەم بەرگۈچى.

ناسېھ — نەسىھەت قىلغۇچى.

ناسىپ — نېسىپ بولماق.

ناتىۋان — بوش؛ ئاجىز؛ كۈچسىز؛ بىچارە.

ناتسىيست — نېمىس فاشىستلىرى؛ گىتلېرچىلار.

ناتىق — گەپكە ئۇستا؛ سۆزمەن؛ سوز سۆزلىگۈچى.

ناۋا — كۈي؛ ئاۋاز؛ مۇزىكا ئاھاڭى.

ناۋەك — ئوقيا باشىغى؛ ئوق.

ناۋازىش — خۇش مۇئامىلە.

ناشات (ناشاد) — خاپا؛ غەمكىن؛ كۆڭۈلسىزلىك.

نازاكەت — خۇش پېئىل؛ ئەدەپ؛ نازۇكلۇق.

نازىل — يۇقۇرىدىن چۈشكەن؛ ئەۋەتىلگەن؛ پەيدابولغان؛ كورۇلگەن.

نازىم — تىزغۇچى؛ تەرتىپ ۋە نىزامغا قويغۇچى؛ نەزىم قىلغۇچى.

نازىنىن — ناز قىلغۇچى؛ جىلۋىكارىسىم.

نازارە — قارىماق؛ كوزسالماق.

نازىر — نازارەت قىلغۇچى؛ كوزسالغۇچى؛ قارىغۇچى.

نازۇكەرەشمە — نازلىق جىلۋە.

ناھارى — كۈندۈزى.

ناھايەت — ئاقىۋەت؛ ئاخىر؛ نەتىجىدە.

ناھان (نىھان) — مەخپىي؛ يوشۇرۇن.

نائەھلى ئەھلى بولمىغان؛ لاياقەتسىز.
ناياپ ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر.
نافە كىندىك؛ ئىپار (ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدە
ئۇيۇغان خۇشپۇراق ماددا).
ناقىل كەلتۈرگۈچى؛ داستانچى؛ چۆچەكچى؛ توشۇغۇ-
چى.
ناچالىنىك باشلىق.
نەباتات ئوت-چۆپ ۋە دەرەخكە ئوخشىغان يەردىن
ئۈنگەن نەرسىلەر.
نېفىت چەكلەنمىگەن بېنزىن.
نېيترون ئاتوملار يادروسىنىڭ تەركىۋىي قىسمىدىكى
ئېلېكترىر زەررىچىلىرىدىن خالى بولغان زەررە.
نېپتۇن قەدىمقى زامان رىم ئەپسانىلىرىدىكى دېڭىز
خۇداسى؛ قۇياش سېستىمىسىدىكى قۇياشتىن
يىراقلىقى جەھەتتە 8- ئورۇندا تۇرىدىغان
سەييارە.
نىز ھەم.
نىگار جانان؛ مەھبۇب؛ مەشۇق؛ يار؛ قاراش.
نىگارا مەھبۇبۇم؛ مەشۇقۇم؛ يايرىم؛ جانانىم.
نىگاھ قاراش.
نىگۇسار ئاستىن - ئۈستۈن.
نىخ يۇڭ؛ يىپ قاتارلىقلارنىڭ تالاسى.
نىجاسەت پاسكىنا نەرسىلەر؛ پوق؛ گەندە.
نىجىس پاكىز بولمىغان؛ ئىپلاس.



نىجات قۇتۇلۇش؛ يورۇقلۇققا چىقماق.
نىكوتىن تاماكا تەركىۋىدە بولىدىغان نېرۋاسېستىمىسى-
نى بۇزىدىغان ناركوتىك ماددا.
نىكى نام ياخشى ئىسىم (نام).
نىمجان يېرىمجان؛ ئاجىز؛ زەئىپ (نىم—يېرىم).
نىمكار يالانما ئىشچى؛ شاگىرت.
نىمەت ماددى تەمىنات؛ يېمەك-ئىچمەك.
نىچۇن قانداق؛ قانداقلارچە.
نىسا ئايال؛ خوتۇن.
نىسار پىدا قىلىش؛ قۇربان قىلىش؛ باشتىن ئۆرۈش
(پۇل قاتارلىقلارنى)؛ چېچىش.
نىسود نىمە پايدا.
نىسبەت ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛ ئىككى ياكى بىرنەچچە
نەرسىنىڭ ياكى ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
باغلىنىش.
نىش زەھەر؛ نەيزە؛ تىكەن؛ نەشتەر؛ چاقىدىغان
ھاشارەتلەرنىڭ تۇمشۇغى.
نىياز سەدىقە؛ يالۋۇرماق؛ ئۈمىت.
نىزا ئاداۋەت؛ غەۋغا؛ جېدەل.
نىزام تىزماق؛ تەرتىپ؛ قائىدە - قانۇن.
نىزامى مۇلك مەملىكەت ئىنتىزامى؛ دولەت قانۇنى.
نىھال (نەۋ- يېڭى ئوسۇۋاتقان ياش كوچەت؛ ياش گەۋدە؛
رەس نىھال) كېلىشكەن بوي؛ كوچەت.
نىقاپ پەردە.

نىقسىماق پىششىق يىمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇپ پۇراپ قېلىشى.

نىقۇخەلەپ ياخشى ئەۋلادلار.

نىلۇپەر سۇدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك؛ بەزگەك دورىسى.

نىلگۇن نىلرەڭ (نىل—كوكرەڭ بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ رەڭگى).

نىگۇن پەس تەرىپى؛ تۆۋىنى.

نورۇز(نەۋرۇز) يېڭى كۈن (نەۋ—يېڭى؛رۇز—كۈن)؛ كونا كالىنداربويىچە يىل بېشى؛ باھارنىڭ باشلانغان كۈنى.

نوتا (1) مۇزىكا ئەسىرىنىڭ گىراپىك شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن تېكىستى، (2) دەرەخنىڭ قاتتىمغان ئىنچىكە شاخلىرى، (3) بىر دولەتنىڭ 2— بىر دولەتكە يازغان رەسمىي دىپلوماتىك مۇراجىئەتنامىسى، (4) تاۋۇش ۋە ئۈنىڭ گىراپىك شەكلى (يازما شەكلىدىكى).

نوغاي ئالتۇن ئوردا باش بوغلىرىدىن بىرى بولغان نوغاينىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولغان قىپچاقلارغا بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى تۈركلەر بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ.

نۆكتەدان چىرايلىق سوزلەرنى بىلگۈچى؛ سوزمەن.

نۆكتە سوز (نازۇك ۋە چىرايلىق سوز)؛ ھېكمەتلىك



سوز؛ چېكمست.

نۇش ئىچمەك؛ يىمەك؛ ھەسەل؛ بال؛ لەززەت.

نۇشھەند (نۇشخەند) شېرىن كۈلكە.

نۇشلەب شېرىن لەب.

نۇجۇم يۇلتۇزلار.

نوھى قىلماق يىغلىماق.

نۇرانە نۇرلۇق؛ يورۇق؛ ئايدىڭ؛ چىرايلىق؛ گۈزەل؛ جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان.

نورما بەلگىلەنگەن ئۆلچەم.

نۇرھالقا ساتۇرنىنى ئوراپ تۇرىدىغان نۇر چەمبىرىكى (نۇر ھالقىسى).

نۇرەپشان نۇر چاچىدىغان؛ نۇر چاچقۇچى.

نۇسرەت يەڭگۈچى؛ غەلىبە قىلغۇچى؛ ئۈستۈنلۈك.

نۇقسان يېتىشمەسلىك؛ كەملىك.

نۇقىل غىزا؛ تائام.

نەبى ئاللادىن كىتاپ نازىل بولغان پەيغەمبەرلەر؛ پەيغەمبەر.

نەبۇۋەت پەيغەمبەرلىك.

نەمخۇش زەي؛ نەم؛ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتمىگەن.

نەمۇنە ئۆرنەك؛ نۇسخە؛ ئۈلگە.

نەمرۇد خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان شەخس (ئىسمى).

نەمەك تۇز (ئىستېمال قىلىدىغان تۇز).

نەپ پايدا؛ مەنپەئەت؛ ھايان.

نەپئى پايدا؛ ئۇسۇم.

نەپرەت بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ قاچماق؛ يىراقلاشماق؛ سەسكەنمەك.

نەپىس نازۇك؛ سىپتە؛ چىرايلىق ئىشلەنگەن؛ لەتىپ.

نەپەقە يېشى چوڭىيىپ خىزمەت ئىقتىدارىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ياكى ئىش ئۈستىدە، ئۇرۇش-تا ناكا بولغان، سالامەتلىگىنى يوقاتقانلارغا ئايمۇ - ئاي بېرىلىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمەت ياردىمى.

نەفئى قايتۇرماق؛ ياندۇرماق.

نەركەس چىرايلىق بىر خىل گۈل؛ بوتا كۆز دەپ ئاتىلىدىغان گۈل؛ مەھبۇبەنىڭ گۈزەل يۈزى.

نەرە ۋاقىرىماق.

نەس كېلىشمەسلىك؛ پالاكەت؛ دۆملە باسماق.

نەسىل ئۇرۇق - ئەۋلات؛ بالىلىرى.

نەسەپ ئائىلىنىڭ تېگى - تەكتى؛ نەسلى؛ تەۋە بولغان ئۇرۇق - ئەۋلات ئەنئەنىسى.

نەسىم (نەسىمە) شامالنىڭ ئاستا ۋە لەرزان سوقۇشى (مەيىن شامال)؛ تاڭ شامىلى.

نەسىر (نەسرى) تىزىلمىغان؛ تارقاق؛ چاچما؛ پىروزا؛ سۆز بىلەن يېزىلغان قاپىيىسىز ئەسەر.

نەسىپ (نىسىۋە) ھەسسە؛ ئۈلۈش؛ تېگىشلىك.

نەستاران ئاق ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈلنىڭ نامى.

نەۋباھار باش ئەتىياز (نەۋ — يېڭى، ياش).



نەۋجۇۋان ياش كىشى؛ ياش يىگىت.

نەۋمىد ئۈمىتسىز؛ نائۈمىت.

نەۋقىران ياش يىگىت؛ يىگىتچاق.

نەۋئى تۈر؛ خىل؛ سورت.

نەۋكەر پادىشا ئوردىسىنىڭ ئەسكەرلىرى؛ مۇھاپىزەتچى ساقچى.

نەۋرە بالىسىنىڭ بالىلىرى؛ 3 - ئەۋلات.

نەئت سۈپەتلەش.

نەئلەيىن ئاياق كىيىم؛ كەش.

نەئىم نازۇ - نېمەتلەر.

نەشىر ئەپكار بىرەر تەشكىلاتنىڭ ۋاقىت - قەرەلىدە چىقىپ تۇرىدىغان مەتبۇئاتى.

نەشىر تارقاتماق؛ چاچماق.

نەشات خۇشاللىق؛ خۇرسەنلىك.

نەشئە زوۋق؛ شاتلىق؛ خۇشاللىق.

نەزىم سۆزلەر تىزىمى؛ شېئىر؛ بېيىت؛ ۋەزىن ۋە قاپىيىگە سېلىنغان سۆز؛ تەرتىپكە كەلتۈرۈش؛ تىزماق.

نەزىرە باشقا بىرسىنىڭ شېئىرىدىكى ئەينى ۋەزىن ۋە قاپىيە بويىچە يېزىلغان شېئىر.

نەزەربەند (ئەسلى مەنىسى — كۆز بىلەن باغلاش) ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلەپ قويماق؛ ئارقىسىغا كىشى سېلىپ قويۇش؛ توختىتىپ قويۇش.

نەغمە چىرايلىق ئاھاڭ.

نەغمىكەش چىرايلىق ئاھاڭلارنى چالغۇچى.

نەغىل ناھال؛ تاقا.

نەقىل ئەدىبىي ئەسەر ۋە باشقىلاردىن(ھەرخىل ئەسەر ۋە كىشىلەرنىڭ سوزلىرىدىن)ئەينەن ئېلىنىپ دەلىل كەلتۈرۈش؛ يوتكىمەك.

نەقلىيات قاتناش ئىشلىرى.

نەقىش نەرسىلەرگە ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن گۈل ياكى سىزەت.

نەقرات(نىقرات) ناخشا ـ غەزەلنىڭ بىر كۇپلىتىدىن كېيىنكى تەكرارلانغان قىسمى؛ قايتۇرما.

نەھر دەريا.

نەھەڭ (لەھەڭ) چوڭ يىرتقۇچ بېلىق.

نەھى ئوروق؛ نازۇك؛ نىمجان (ئەرەپچە).

نەگەھبان كۆزەتكۈچى.

نەيسان باھار يامغۇرى.

نەخىل كوچەت ۋە ئۆنىڭ نوتىسى، بىخى.

نول يوقنى بىلدۈرۈدىغان رەقەم.



# ۋ

ۋادا دەريا بويلاپ كەتكەن تۈزلەك يەر؛ دەرياۋە ئۆستەڭ تارماقلىرى ئېقىپ ئوتىدىغان ھەممە يەرلەر؛ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭ يەر.

ۋادەك رىشاتكا؛ سالاسۇن.

ۋادەرىخا ۋاي ئىسىت.

ۋاجىپ تەقدىرنىڭ ئەمرى؛ ئىسلامشەرىئىتى بۇيرۇغان زورۇر ئىش.

ۋاجىبىل ۋۇجۇد خۇدا.

ۋاكالەت ۋەكىللىك؛ بىراۋنىڭ باشقا بىرسى ئۈچۈن ۋەكىل بولۇپ ئىش بىجىرىپ قويۇشى.

ۋاگون پويىزنىڭ ھەر بىر ئايرىم كوزۇبى.

ۋاپا سوزدە تۇرماقلىق؛ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرماق؛ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش.

ۋالا (1) قىممەتباھالىق ئىپەك رەخت، (2) يۇكسەك؛ قۇدرەتلىك.

ۋالا ھورمەت؛ ئىززەت.

ۋالە(ۋىلە) ئاشىق؛ سەرگەردان.

ۋالىدەيىن ئاتا-ئانا.

ۋازارەت    مىنىستىرلىك؛ ۋەزىرلەر مەھكىمىسى.
ۋازا    يىمەكلىك تىزىدىغان تەخسە (كوپىنچە ساپاقلىق بولىدۇ).
ۋازېلىن    يۈز ماي
ۋائىز    سوزلىگۈچى؛ مەددا؛ نەسىھەتچى.
ۋاسىل    ئېرىشمەك؛ يېتىشمەك.
ۋارىنە    مۇرابىيا.
ۋارىئانت    بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلى.
ۋارىئاتسىيە    بىرەر مۇزىكىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن تۈرى.
ۋاننا    چومۇلۇش ئورنى.
ۋاقىئى ئەسرار    سىردىن خەۋەردار.
ۋىسال (ۋەسىل)    كورۇشمەك؛ ئېرىشىش؛ ئۇچرىشىش؛ نېسىپ بولماق؛ بىرلەشمەك
ۋىقار    ئەھمىيەتلىك.
ۋىچىر    (1) كەچ؛ ئاخشام، (2) زىياپەت كېچىسى.
ۋىشىلكا (ۋىشالكا)    كىيىم ئاسقۇچ.
ۋىزا    چەتئەلگە كېتىش رۇخسەت قەغىزى.
ۋىلكا    تاماق يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاراشىمالىق كىچىك بۇيۇم.
ۋىنو    شاراپ؛ ھاراق.
ۋىنت    ئەرگۇل.
ۋىتامىن    ئوزۇقلۇق ماددا جەۋھىرىنىڭ تۈرلىرى.
ۋىراتار (ۋاراتار)    پوتبول ئويۇنىدا دەرۋازا توسقۇچى.



ۋىراچ    دوختۇر؛ ئاپىراتسىيە دوختۇرى.
ۋىۋىسكا    دۇكان؛ ئىدارە ئىسمى يېزىپ ئېسىلغان لەۋھە.
ۋوگزال    پويىز بېكىتى.
ۋورونكا    كارناي، كارناي شەكىللىك بۇيۇم.
ۋۇسلەت    ۋەسلىگە يېتىش.
ۋەسىف    ماختاش؛ تەرىپلىمەك.
ۋەسلى جانان    جانانغا ئېرىشمەك.
ۋەز    نۇتۇق؛ سوز؛ تەربىيىۋى گەپ.
ۋەزىن    ئېغىرلىق؛ ئولچەم؛ مىقدار؛ شېئىرلاردا مىسرالارنىڭ ئولچىمى.
ۋەزمىن    ئېغىر؛ ئېغىر بېسىقلىق.
ۋەزى    (1) قايىماق، (2) تەبىئەت.
ۋەجدە    زوقلىنىش؛ ھەددىدىن زىيادە خوشاللىق؛ ھاياجان.
ۋەجھى (ۋەجى)    سەۋەپ؛ بانا؛ تۈپەيلى؛ تەرەپ.
ۋەجدەد    يالغۇزلۇق؛ ۋۇجۇد بىرلىكى؛ بىرپىكىرلىك.
ۋەلى    ئەۋلىيا.
ۋەلىك    ۋە لېكىن.
ۋەرەز    مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقۇچى؛ تەقۋا؛ پەرھىزلىك.
ۋەھدەت    „تەڭرىنىڭ بىرلىكى“؛ تەنھالىق.
ۋەھدەت مەيى    بىرلىك شارابى.
ۋەھمۇ بىم    ئەندىشىسىزلا.
ۋەھى    خەۋەر؛ يوليورۇق.

ۋەھىيە قورقۇنۇچ.

ۋەھشى ياۋايى؛ يىرتقۇچ.

## ئو (O)

ئوبراز قىياپەت؛ تەسۋىر؛ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان شەخس ياكى نەرسە، ھادىسە، كۆرۈنۈش.

ئوبزور ئومۇمى بىر تېمىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بېرىلگەن قىسقا خەۋەر.

ئوبوروت قايتا ئىشلەپچىقىرىش، پايدا ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان پۇل ۋە تovar ئالماشتۇرۇش مۇئامىلىسى.

ئوبسېرۋاتورىيە (ئابسېرۋاتورىيە) مەخسۇس ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلەر ياردىمى بىلەن ئاسماندىكى جىسىملارنى سىستېمىلىق كۆزىتىپ بارىدىغان ئاسترونومىك ئىلمىي مۇئەسسەسە.

ئوبىسك ئاختۇرۇش.

ئوبېكت سىزىمدىن سىرتقى تاشقى ئالەم.

ئوكرۇك ئۆلكە.

ئومونىم تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشاش، مەناسى باشقا بولغان سۆز.



ئوگلېرود تەبىئەتتىكى بارلىق ئورگانىك جىسىملارنىڭ تەركىۋىدىكى ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان خىمىيىلىك ئېلېمېنت.

ئولىمپىك قەدىمدە يۇنانلىقلارنىڭ ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈدىغان ۋە زامانىمىزدا يەنىلا 4 يىلدا بىر قېتىم، ھەر نۆۋەت باشقا يەردە بولىدىغان خەلقارا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى.

ئولۇس ئەل؛ يۇرت.

ئول (1) ئۇ؛ (2) دۇر—تۇر (سۆز قوشۇمچىلىرى).

ئوپپورتونىزىم ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ۋە پرولېتارىيات پارتىيىلىرىنىڭ ئىچىدە ماركسىزىم-لېنىنىزىمغا يات بولغان پرىنسىپسىزلىك، كېلىشتۈرمىچىلىك ئېقىمى.

ئوپپورتونىست مۇرەسسەچى؛ كېلىشكۈچى.

ئوپتىكا فىزىكىنىڭ يورۇقلۇق ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان بۆلۈمى.

ئوپتىمىزىم دۇنياغا، تۇرمۇشقا ھەممە ۋاقىت ئۈمىت بىلەن قاراش، ھەر بىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنىش؛ ئۈمىتۋارلىق.

ئوپتىمىست ئوپتىمىستىك كەيپىياتتىكى، ئوپتىمىستىك روھتىكى ئادەم؛ ھەر نەرسىنى ياخشى تەرەپتىن كۆرگۈچى؛ كېلەچەككە ئىشەنچ بىلەن قارىغۇچى.

ئوپراق كىيىم؛ تون.

ئوپقان قوسىقى تويغاننى بىلمەيدىغان؛ تويماس.

ئوپېرا ناخشا ھەم مۇزىكىلىق سەھنە ئەسىرى؛ شۇنداق ئويۇن ئوينىلىدىغان تىياتىر.

ئوربىتا سەييارىلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا يۈرىدىغان يولى.

ئورانگۇتان سۇماترا، بورنېو قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان، ئادەمگە ئوخشايدىغان، مېۋە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ئىنتايىن قورقۇنچاق مايمۇن.

ئوريان يالىڭاچ.

ئوران قەدىمقى يۇنان ئەپسانىلىرىدا ئاسمان خۇداسى؛ قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشتىن يىراقلىقى جەھەتتە 7-ئورۇندا تۇرىدىغان سەييارە؛ خىمىيىلىك ئېلېمېنت؛ كۈمۈچسىمان ئاق مېتال (ئوراندىن ئاتوم قۇۋۋىتى ئېلىنىدۇ).

ئورگان مۇئەسسەسە؛ تەشكىلات؛ ئورگانىزمنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىر ئەزاسى.

ئورگانىزم ھەر تۈرلۈك تىرىك مەۋجۇداتلار؛ تەن.

ئورگانىك ئورگانىزمغا خاس ۋە ئورگانىزمغا ئوخشاش؛ جانلىق مەۋجۇداتلارغا دائىر؛ ئورگانىزم بىلەن باغلىق؛ تۇغما؛ ھەممە قىسىملىرى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولغان؛ ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا مەنسۇپ بولغان.

ئورگانىك بوياق ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان بوياق.



ئورگانىك ماددا ئاساسەن ئۇگلېرود ھەم ۋودورودتىن تەركىپ تاپقان خىمىيىلىك بىرىكمىلەر.

ئوركېستىر مۇزىكا ئەسىرىنى بىرلىكتە بىر پۈتۈن بولۇپ ئىجرا قىلغۇچى مۇزىكىچىلار گۇرۇپپىسى؛ مۇزىكانتلار گۇرۇپپىسى.

ئوردا خان؛ پادىشالارنىڭ سارىيى.

ئوردېر تولەش قەغىزى.

ئورفوگرافىيە ئىملا.

ئوتېرەت چوڭ گۇرۇپپا.

ئوفىتسېر ھەربى ئەمەلدار.

ئوچېرك قىسقا تەسۋىرىي ئەسەر؛ بىرەر مەسىلىنى بايان قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر.

ئوقۇبەت زۇلۇم؛ جەبىر؛ ئازاپ؛ ئىسكەنجە.

ئوقبا ئاخىرەت؛ ئۇ دۇنيا.

ئوقۇرەك ئەتىيازدا كالا، ئاتلارنىڭ تېرىسىگە چىقىدىغان يارا.

ئوتتۇن ئەخمەق؛ دوت؛ كالۋا.

ئوك ئالدى؛ ئىلگىرى.

ئوغان سۆيگىنى؛ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى.

ئوبورنا ھاجەتخانا.

ئوشتاق ئاشىقلار؛ مۇزىكىدا مۇقاملارنىڭ بىرى.

## ئو (O)

ئود ۋاقىت؛ پەيت.

ئوكۇنچ پۇشايمان؛ ئوكۇنۇش.

ئوكۇنمەك پۇشايمان قىلماق.

ئوكۇش كوپ؛ جىق؛ نۇرغۇن.

ئوكسىمەك كېمىپ قالماق؛ يەتمەي قالماق؛ تۇگەپ قالماق.

ئوگد (ئوگۇت) مەدھىيە؛ كۈي؛ ماختاش.

ئوتەك سەپەردە يولۇچىلارنىڭ چۇشۇپقونىدىغان يېرى.

ئورۇك ئاق.

ئوشۇر (ئوشرە) ئىسلام شەرىئىتىدە دىخانچىلىقتىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى كەمبەغەل ۋە يېتىم-يېسىرلارغا بېرىدىغان مەجبۇرىيەت.

ئولىما ئالىم.

## ئۇ (U)

ئۇگلېرود ئۇگلېرود، كىسلورود ۋە ۋودورودلاردىن ئىبارەت ئورگانىك جىسىملاردىن بىرى.

ئۇلتىماتوم دولەتلەر ئارىسىدا بېرىلىدىغان قەتئى تەلەپنامە.



ئۇل ئاساس؛ ھۇل.

ئۇلامىسىز مىسكىن؛ تايانچىسىز.

ئۇمىنچ ئۇمىت.

ئۇدۋان دۇشمەنلىك؛ ئوچمەنلىك.

ئۇدارنىك (1) ئىلتىقنىڭ تەپكىسى، (2) زەربىدار.

ئۇنۋېرسال ھەر تەرەپلىمە؛ ھەر خىل ئىش بېجىرەلەيدىغان؛ ھەر نەرسىگە يارايدىغان؛ پايدا بېرەلەيدىغان.

ئۇنۋېرسىتېت دارىلفۇنۇن؛ داشۆي.

ئۇپۇق ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تۇتاشقان جىيراسى؛ تۇتاشقاندەك كورۇنگەندە ھاسىل بولىدىغان سىزىق.

ئۇسرۇك ئېلىپ كېلىش؛ ئېلىپ كەلمەك.

ئۇسرۇ ناھايىتى؛ بەك؛ ئارتۇقچە.

ئۇستىۋار مەھكەم.

ئۇستاخۇدۇس بىر خىل گىيا نامى بولۇپ، يارىلارغا دورا قىلىنىدۇ.

ئۇزار يۇز؛ چېھرە؛ مەڭىز.

ئۇۋۇت ئۇيات؛ ئىزا.

ئۇقۇش ئەقىل؛ زېھىن.

ئۇيا قېرىنداش؛ تۇققان.

ئۇغان خۇدا؛ ئاللا.

ئۇرۇپئاھۇسەرت ئۇلۇق-كىچىك تىنماق.

ئۇرۇۋانچىۋىق چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ.

ئۆترۈ    ئۆدۆل؛ قارشىسى.

## ئۈ (Ü)

ئۆلپەت    ئورتاقلىق؛ شېرىكلىك؛ ھەمتاۋاق.
ئۆممەت    قەۋىم؛ بىر پەيغەمبەرگە تەۋە كىشىلەر.
ئۆچۈنچ    ئۈچىنچى.
ئۆجۈر - بۆجۈر    ئۆششاق - چۈششەك؛ ئەتراپلىق؛ تەلتۆكۈس؛ بىر قاراشتا بىلىنمەيدىغان.

## ئە

ئەدەپ    ئەخلاق؛ خۇلق؛ تەربىيە.
ئەدەپسىز    تەربىيىسىز؛ ئەدەپتىن مەھرۇم؛ ئەخلاقى يامان؛ ئۇيالماسلىق؛ يامانخۇي.
ئەدەل (ئەدىل، ئەدلى)    ئادالەت؛ ھەققانىيەت؛ سوراقنى ئادىل سوراش.
ئەدەت    سان؛ رەقەم؛ ھېساپ؛ سىفىر.



ئەدىز    چول؛ جەزىرە؛ ئېگىز.
ئەدگۇ    ياخشى.
ئەدەم    يوقلۇق؛ غۇربەت.
ئەدەس    ماش پۇرچاقنىڭ بىر خىلى،
ئەدۇ    دۈشمەن؛ رەقىپ.
ئەبۇ    ئاتا؛ دادىسى.
ئەبر (ئەبىرى)    بۇلۇت .
ئەبۇلبەشەر    ئادەم ئاتا.
ئەبرو    قاش.
ئەبىد (ئىباد)    بەندە؛ قۇل.
ئەئزەم    ئۇلۇغ؛ زور؛ يوغان؛ چوڭ.
ئەئۋان    باشلىق.
ئەفگان (ئەفگانىدا)    نەرسىنى توكۇش؛ تاش تاشلاش؛ چېچىۋېتىش.
ئەفرون    ئارتۇق؛ كوپ؛ نۇرغۇن.
ئەفئى    زەھەرلىك ئىلان.
ئەفلاك    پەلەك؛ ئاسمان؛ كۆك.
ئەفسەر (ئەفسار)    تاج؛ باشنىڭ ئۈچى.
ئەفغان    پىغان؛ نالە-پەريات؛ ئاھ ئۇرۇش.
ئەفشان    چېچىش ؛ چاچقۇچى.
ئەفگار    يارىلانماق؛ زەخىملەنمەك.
ئەخبار    خەۋەرلەر.
ئەخگار    چوغ.

ئەخگەر ئوت.
ئەخلاق خۇي؛ پەزىلەت؛ ئەدەپ.
ئەخمەق ئەقىلسىز؛ ھاماقەت.
ئەختەر زوھەل يۇلتۇزىنىڭ نامى؛ يۇلتۇز.
ئەختەرى مەسئۇد سائادەت يۇلتۇزى.
ئەجدات ئاتا-بوۋىلار.
ئەجىر قىلىنغان ئىش؛ سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەكنىڭ ھەققى
ئەجنەبى چەتئەللىك؛ چەت دۆلەت ئادىمى.
ئەجەم بۇرۇنقى ئىراننىڭ نامى.
ئەجزا پارچە.
ئەجىز ئاجىزلىق.
ئەكبەر ئەڭ ئۇلۇغ؛ زور؛ ئەڭ چوڭ.
ئەكابىر چوڭلار؛ كاتتىلار.
ئەكرەم ئىنتايىن مەرت ۋە ئالىجاناپلارنىڭ موتىۋەرلىرى.
ئەلاۋە (ئىلاۋە) بىر نەرسىگە قوشۇپ قويۇلغان قىسىم.
ئەلپاز قىياپەت؛ تۇرۇق؛ كۆرۈنۈش.
ئەلمىساق ئاتام زامان؛ ئىپتىدائىي زامان.
ئەلتىرە تۇغۇلۇپ ئېيىغا تولمىغان قوزىلارنىڭ تېرىسى.
ئەلمى-تەلمى تېگى-تەكتى؛ شارائىت.
ئەلۋىدا مەڭگۈلۈككە خوشلاشماق؛ ئاخىرقى خوشلىشىش
سۆزى.
ئەلھەمدۇلىللا خۇداغا شۈكرى.
ئەلاھال تەخمىنەن؛ مۆلچەر سۆز.
ئەلەس ئالىغاي؛ كۆزى ئۇدۇل قارىيالمايدىغان.



ئەلىك ئىلىك؛ قول.
ئەلەم دەرتلىك.
ئەلەم بايراق؛ تۇغ.
ئەلتاپ مەرھەمەت؛ مۇلايىملىق.
ئەلقىسسە ماناشۇ؛ مانا شۇنداق قىلىپ.
ئەما كۆزى ئاجىز؛ كۆزى كۆرمەيدىغان.
ئەم داۋا؛ شىپا.
ئەملىمەك دورا بەرمەك؛ داۋالىماق؛ دورا سۈرمەك.
ئەمىن (ئىمىن) خەۋپسىز؛ خاتىرجەم؛ خاتىرجەملىك.
ئەمىر قوماندان؛ بىر مەملىكەت ياكى قەۋمنىڭ باشلىقى.
ئەمىر بۇيرۇق؛ پەرمان؛ ئىش.
ئەمىر-مەرۇپ ۋەز-نەسىھەت.
ئەمەل تاماشا قىلىش؛ مەنسەپ؛ ھوقۇق.
ئەمدا ئەتەي؛ قەستەن.
ئەمىق چوڭقۇر.
ئەمنۇئەمان تېچلىق؛ ساقلىق.
ئەن (1) رەخنىنىڭ كەڭلىگى، (2) بەلگە.
ئەنبىيا پەيغەمبەرلەر.
ئەنبەر شەھىم خۇشپۇراقلىق.
ئەنبەر خۇشبۇي پۇراق؛ خۇشپۇراق قاراماددا.
ئەنۋەر نۇرلۇق؛ پارلاق؛ روشەن.
ئەنت قىساس؛ ئۆچ؛ ئىنتىقام.
ئەنگۈشتەر قولغا سالىدىغان ئۈزۈك؛ ئۈزۈك كۆزى.

ئەنجۇم(نۇجۇم) يۇلتۇزلار.

ئەنجام ئاخىرى؛كېيىنكىسى

ئەندام ۋۇجۇد؛ بەدەن.

ئەنقا رىۋايەتلەردىكى ئەڭ زور قۇش.

ئەنئەنە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇتۇپ بارىدىغان ئادەت، يوسۇن. ئۇرپ-ئادەتلەر؛ تىرادىتسىيە.

ئەندۇھزا (ئەندۇھ) قايغۇ كەلتۈرگۈچى؛ ھىجران؛ غەم- قايغۇسى.

ئەنسەپ مۇناسىپراق؛ لايىقراق،

ئەندەلىپ بۇلبۇل،

ئەنا قاشقىلىق.

ئەنقەرىپ يېقىندا؛يېقىنقى.

ئەندۇز يىغىشلىغۇچى؛ بەرگۈچى؛ ھەدىيە قىلغۇچى.

ئەندازە(ئەندىزە) ئۆلگە؛ قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن ئۆلچەمى.

ئەئمال ئىش؛ ئەمەلىيەت؛ خۇي؛ پېئىل.

ئەپسانە ئەسلى يوق؛ رىۋايەت؛ ئەمەلىيەتتىن يىراق.

ئەپسۇن سېھىرلەش ئايەتلىرى.

ئەرك ھورلۇك؛ ئازاتلىق، ئەركىنلىك.

ئەرش پەلەكنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قىسمى؛ئاللانىڭ ئورنى.

ئەرز كورسەتمەك؛تەقدىم قىلماق؛ يۇقۇرى ئورۇننىڭ ئالدىغا قويماق، شىكايەت.

ئەرزۇ. يەر.



مەئەرد ياخشىلىق.

ئەرەن ئەر؛ ئادەم.

ئەرى ھەرە.

ئەركىلىگ ھاكىم؛ ھوكۇمدار.

ئەرمۇغان سوۋغا؛ تارتۇق؛ ئىنئام.

ئەركان (ئۇچ ئەركان-پادىشا-پۇخرانىڭ ئەركانى؛ ئاتا بالىنىڭ ئەركانى؛ئەر-خوتۇننىڭ ئەركانى ).

ئەروس كېلىن.

ئەربەدە ئۇرۇشقاقلىق؛ قوپاللىق؛ ۋاقىرىغاق.

ئەسلەھ ھەربى ئەشيا؛ ھەربى قورال-ياراق.

ئەسمەر بۇغداي ئوڭلۇك؛ ئادەمنىڭ رەڭگى.

ئەسرار سىر؛ مەخپىلىك؛ سىرداش.

ئەسىپ ئات.

ئەسپى سىياھ قارائات

ئەسەر نىشان؛ ئالامەت؛ بەلگە.

ئەسەرقىلماق تەسىر قىلماق.

ئەسەب نېرۋا.

ئەسەبى مىجەزى چۈس؛نېرۋىسى ئاجىز؛ تېرىككەك.

ئەسەت ئارىسلان؛شىر؛ شەمسىيە 5 – ئاي، قەمەرىيە 7 – ئاي.

ئەسئەت ئىنتايىن بەختىيار.

ئەسپەر سېرىق.

ئەسھاپ سوھبەتداش؛ پەيغەمبەرنىڭ سوھبىتىدە بولغانلار.

ئەستەر خېچەر.

ئەسالەتلىك ئېسىل؛ دانا.
ئەسىر (1)ئۇزۇندىن سىقىۋېلىنغان شەربەت، (2)100يىل، (3)نامازدىگەر، (ۋاقىت).
ئەسرۇ كوپ.
ئەتكەس مەنىگە قىلىنغان؛ چەكلەنگەن.
ئەتتار ئەتىر ساتقۇچى؛ سەييارە هالدا ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ساتقۇچى.
ئەتفال ئۇششاق باللار.
ئەتبائ ئۇرۇق-ئايماق.
ئەۋج ئەڭ يۇقۇرى پەللە.
ئەۋلىيا كارامەت ئىگىسى؛ كارامەت كورسەتكۈچى.
ئەۋرەز يۇندا قۇدۇغى؛ توكۇلگەن سۇ سىڭىپ كېتىدىغان ئورا.
ئەۋد ئەدنا تۆۋەن جاي.
ئەۋ ئېغىر؛ كۇچلۇك.
ئەۋباش داغدۇغا؛ بەيگە؛ مەيخانىغا توپلانغان خەلق.
ئەۋراق ۋەرەقىلەر؛ ۋاراق.
ئەش هەمرا؛ بالىنىڭ هەمرىيى.
ئەشئار شېئىرلار جەمئىسى؛ شېئىرلار توپلىمى.
ئەشرەپ ئۇلۇغ؛ ئىنتايىن شەرەپلىك؛ بەك هوتىۋەر.
ئەشقەر تۇلپار؛ ئۇچقۇر ئات؛ چاپقۇر ئات.
ئەشىك ياش (كوزيېشى).
ئەيىۋھەنناس ئەي خالايىق؛ ئەي ئادەملەر.
ئەييام ياخشى كۇنلەر؛ زامانلار؛ كۇنلەر (هېيت كۇنـ



لىرى)؛ ۋاقىت.
ئەيىن (1) هەقىقى، (2)كوز، بۇلاق.
ئەيشى تەرەپ خوشال تۇرمۇش.
ئەزازۇل (هازازۇل) ئىبلىس؛ شەيتان.
ئەزبەر كىتاپقا قارىماي يادقا ئوقۇماق.
ئەزىم ئۇلۇغ؛ زور؛ كاتتا، (قەدىم مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ).
ئەزىمەت ئۇلۇغلۇق؛ كاتتا، باتۇر.
ئەزم قەست قىلماق؛ مەقسەت قىلماق؛ ماڭماق.
ئەزرائىل جان ئېلىشقا مەسئۇل مالائىكە (پەرىشتە).
ئەزىيەت جاپا-مۇشەققەت.
ئەزىز ئىززەت ئىگىسى؛ مۇھتەرەم؛ مۇبارەك.
ئەزەم (ئەئزەم) ئەڭ زور؛ كاتتا.
ئەزەن يۇقۇرى ئاۋازبىلەن جامەگە چاقىرىش؛ نامازغا دەۋەت قىلىش.
ئەغيار يات ئادەم؛ غەيرىلەر؛ رەقىپلەر.
ئەهباب دوست-ياران.
ئەهدە ۋەدە؛ توختام؛ سوز بەرمەك.
ئەهدىنامە ۋەدىنامە.
ئەهكام ئەمىر؛ هوكۇم.
ئەهدۇپەيمان كەسكىن هالدا قەسەم ئىچمەك.
ئەهمەر قىزىل.
ئەهلى سەلەپ 11-، 12-ئەسىرلەردە خىرىستىيان دىنىدىكىـ

لەۋنىڭ زورتۇركۈملەپ شەرققە — مۇسۇلمانلار
ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى.

ئەھلىيەت ئەھلى بولغان؛ لاياقەت؛ ئىقتىدار.

ئەھلى سەلەپ ياخشى ئاتىنىڭ بالىلىرى.

ئەھيا تۇرغۇزماق؛ بەرپا قىلماق؛ ھايات بەرمەك.

ئەھەت(ئەھەد) بىر يالغۇز؛ يەككە.

ئەھمەدى مۇختار مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى.

ئەقدەس ئىنتايىن مۇقەددەس؛ بەك مۇبارەك.

ئەقىدە بىرەر نەرسىگە ياكى ئادەمگە قىلىنغان ئىشەنچ.

ئەقىل چۈشىنىش قۇۋۋىتى؛ پەم ۋە ئىدرەك.

ئەقەللى ئىپتىدائى؛ ئاددىسى؛ ھېچبولمىغاندا؛ ئازدىن-
گەندە.

ئەقرەددە شەمسىيە 8-ئاي، قەمەرىيە 10-ئاي.

ئەقرۇبا ئۇرۇق-تۇققان.

ئەقار مال؛ ئەسۋاپ.

ئەقۋال سوزلەر.

ئەك يۈز.

مۇقاۋىسىنى خېلىل داۋۇت، ئابلەتلەر ئىشلىگەن

注释词典、

注释词典、

**注释词典**
哈德尔·托乎提编著
艾沙江·木沙审订
伊犁州教育学会出版
伊犁日报社印刷厂印
1981年10月版